# قەشقەر ئەدەبىياتى



19 **3** 82



شائىر نىم شېھىدت

(غېنى غوپۇر ئىشلىگەن).

# قەشقەر ئەدەبىياتى



1982 - يىل 3 - سان

11 - يىل نەشرى

قەشقەر ۋىلايەتلىك

ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت ئىشخانىسى

# بۇ ساندا


| | | | |
|---|---|---|---|
| جۇڭگەنخەي تەسىراتلىرى | (خاتىرە) | ئەيسا شاكىر | 1 |
| پارتىيە شەنىگە | (شېئىر) | تۇردى مەتنىياز | 6 |
| كوممۇنىست | (») | ئابدۇۋايىت توختى | 6 |
| ۋەتەن ئىشقى | (») | قادىر سىدىق | 9 |
| تۈمەن دولقۇنى | (») | يۈسۈپجان ئەخمىدى | 10 |
| غەزەللەر | (») | تەلئەت تۇردى | 11 |
| يولداش | (») | ئوسمان خوشۇر | 12 |
| قەمبەرنىسا | (داستان) | ئابلىمىت ھاجى | 13 |
| پەن ئىشقىدا | (شېئىر) | ئابدۇرۇپ ئېلى | 38 |
| بىلىم ئىشقىدا | (») | مەمتىمىن ئەخمەت | 38 |
| سېنى كۈتۈپ تۇرامدۇ؟ | (») | نىياز ئىمىن | 39 |
| شېئىرلار | (») | ئۆمەر ئىسمايىل | 41 |
| يايلاقتا | (») | مەتتوختى ئەخمەت | 42 |
| بالىلار ناخشىسى | (») | ئەمىنجان كېرىم | 44 |
| پارتىيىگە مەدھىيە | (») | قەلبىنۇر ياقۇپ | 44 |
| شان قىلىمەن ئانا ۋەتەننى | (») | پاشاگۈل ئۆمەر | 45 |
| كىتاب | (») | پەرىدە شېرىپ | 45 |
| كەپتەر ۋە مەن | (») | ئارزۇگۈل باقى | 46 |
| تېپىشماقلار | (») | سادىق تۇمۇر | 47 |
| ئۆكام | (ھېكايە) | لۇشۈنخوا | 48 |
| ئۇيغۇر پىروزىسىدىكى ياش كۈچ | (ماقالە) | جېلىلى | 51 |
| قىيانلىق دەريا | (پوۋېستتىن پارچە) | ئەخمەت تۇردى | 54 |
| «تۇتىيا» غا مەدھىيە | (ئوبزور) | ياسىن خۇداۋەردى | 72 |
| ئەدەبىي ئەسەرلەرگە سىزىلىدىغان قىستۇرما رەسىم توغرىسىدا | (ماقالە) | مەھەممەت ھېيت | 76 |
| رۇبائى ۋە پارچىلار | (شېئىر) | ئابدۇسەمەت خېلىل، ئابلىمىت ئابدىرەھىت | 78 |
| تەسىرات | (شېئىر) | رەپقەت بارات | 80 |
| خېنە گۈل | (») | تۇرسۇنئاي ھۆسەين | 81 |
| قان بىلەن سىڭگەن دوستلۇق | (ھېكايە) | ئىمىن كېرىم | 82 |
| ياخشى كېلىن | (») | خوشۇر ئابدۇللا | 85 |
| گۈللۈك ئەديال | (») | دۇباھىلىك | 88 |
| قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى | (ماقالە) | مەھەممەت زۇنۇن سىدىق | 93 |
| ئالا تېپەشباشقا بالا | (رادىيو دىرامىسى) | قۇربان ئىمىن | 98 |
| ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى | (تەمسىل) | | 109 |
| زاڭزۇ خەلق ماقال - تەمسىللىرى | (») | | 110 |

# جۇڭنەنخەي تەسىراتلىرى

(خاتىرە)

ئېيسا شاكىر

1981- يىل ئاپرېل. ھاۋا ئوچۇق، باھار شامىلى لەرزان سوقۇپ تۇرغان بىر يەكشەنبە كۈنى بىز جۇڭنەنخەينى زىيارەت قىلدۇق.

- جۇڭنەنخەيگە بارىمىز...- يېڭى كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيىشىپ ھېيتتىكىدەك راسلانغان ساۋاقداشلار ئارقا- ئارقىدىن ئاپتوبۇزغا چىقىشتى.

- سىز بېيجىڭدە شۇنچە ئۇزۇن تۇرغان، جۇڭنەنخەيگە بارمىغانمىدىڭىز؟- دەپ سورىدى بىر ياش ساۋاقداش ئاپتوبۇزدا ئۆزىگە ياندىشىپ ئولتۇرغان چېكەن دوپپا ۋە تومۇر رەڭلىك سارجىدىن كىيىم كەيگەن پىشقەدەم ساۋاقدىشىدىن.

- مەن جۇڭنەنخەيگە 6 قېتىم بارغان. خۇەيرىنتاڭدا يىغىنغىمۇ قاتناشقان،- دەپ جاۋاپ بەردى ئۇ كىشى.

- بۈگۈن يەنە بارامسىز؟ ئۇنداقتا بۇ قېتىمقى بىلەن 7 قېتىم كۆرگەن بولىدىكەنسىز-دە؟!

- شۇنداق، 10 قېتىم كۆرسەممۇ يەنە كۆرگۈم كېلىدۇ.

- ئۇغۇ شۇنداق، مەن تېخى بۈگۈن 1- قېتىم كۆرىمەن،- دېدى-دە، ئاپتوبۇزنىڭ تېزراق قوزغىلىشىنى كۈتكەندەك ئالدىراپ سائىتىگە قارىدى ھېلىقى ياش ساۋاقداش.

.......

جۇڭنەنخەيگە كېتىۋاتىمىز....

بېيجىڭنى باھار مەنزىرىسى قاپلىغان، چاڭئەن كوچىسىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى مەجنۇن تاللار يېشىل تون كەيگەن. پايتەخت خەلقى چوڭانتال بايرىمىدا ئىنقىلاۋىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارىغا قويغان گۈل - چەمبىرەكلەر ئاق ئەترە گۈلدەك كۈن نۇرىدا جۇلالىنىپ تيەنئەنمېن مەيدانىغا يەنىمۇ زىننەت كىرگۈزگەن. ياش- ئۆسمۈرلەرنىڭ تيەنئەنمېن ئاسمىنىغا ئۇچۇرغان خىلمۇ - خىل لەگلەكلىرىنى كىشىلەر زوق بىلەن قارىشىپ تاماشا قىلىشماقتا.

..........

باھاردا جۇڭنەنخەي تېخىمۇ گۈزەل تۈسكە كىرگەن.

ماۋجۇشى تۇرغان قوروغا بارىدىغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئەترە گۈللەر ئوت-

قاشتەك قىزىرىپ، پورەك-پورەك ئېچىلغان، نەنخەي كولىنىڭ ئەتراپىدىكى مەجنۇن تال-لارنىڭ يېشىل بەرگلىرى سۇغا شولا چۈشۈرۈپ، قىزلارنىڭ تال-تال ئۆرۈلگەن چاچلىرى-دەك ساڭگىلىشىپ تۇرغان. جۇڭنەنخەيگە زىيارەتكە كىرگەن تاماشىچىلارنىڭ بەزىسى قول-ۋاققا چۈشۈپ كولدە سەيلە قىلىپ ئۈزۈپ يۈرسە، بەزىلىرى تاشتىن ياسالغان سۇنئىي تاققا چىقىپ ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ، بۇجاينىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىشاتتى.

ماۋجۇشى تۇرغان قورو جايغا كىردۇق. تونۇشتۇرۇلۇشتىن قارىغاندا، بۇ بىنا چىڭ سۇلالىسىنىڭ تازا روناق تاپقان دەۋرلىرىدە ياسالغان، مەملىكەت ئازات بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بېيجىڭغا كوچۈپ كىرگەندىن تارتىپ، ماۋجۇشى 27 يىلدىن كۆپرەك ھاياتىنى مۇشۇ بىنادا ئۆتكۈزگەن. بۇ بىنا جۇڭگو بىناكارلىقىنىڭ كونا نۇسخىسى-دا ياسالغان بولۇپ، پېشايۋانلىق، ئانچە ئېگىز بولمىغان ئازادە ئۆيلەر ۋە ئىچكىرى-تاشقىرى كۆركەم ھويلىلاردىن تەركىپ تاپقان. پېشايۋاننىڭ يۇمىلاق ياغاچ تۈۋرۈكلىرىگە سۇس كۆك رەڭدىن سىر بېرىلگەن. بىنانىڭ كۆپ قىسمىنى ماۋجۇشىنىڭ كىتابخانىسى ئى-گىلىگەن بولۇپ، جۇشىنىڭ خىزمەت قىلىشى، يېتىپ قوپۇشى ۋە مېھمانلارنى قوبۇل قى-لىشقا تەييارلانغان بىر نەچچە ئازادە ئۆيلا بار ئىكەن. بىنانىڭ ئوتتۇرىسىدا، جۇڭگو بى-ناكارلىق سەنئىتى بويىچە تاملىرى پۈتۈنلەي ياغاچتىن پەنجىرىلىك قىلىپ ياسالغان شى-پاڭ نۇسخىسىدىكى بىر زال بولۇپ، بۇنىڭغا سېرىق رەڭلىك زور بىر پارچە تيەنجىن گى-لىمى سېلىنغان. زالنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاق خەسىگە سىزىلغان زور بىر پارچە ماي بوياق رەسىم جازىغا ئېلىنىپ توختۇتۇپ قويۇلغان. رەسىمدە ماۋجۇشى ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى — ليۇشاۋچى، جۇئېنلەي، جۇدې، چېڭيۈن يولداشلار قومۇشتىن توقۇلغان ئازادە ئورۇندۇقلار-دا ئولتۇرۇشۇپ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بۇ رەسىم ھەقىقەتەن رىياللىقنى ئەكس ئەتتۇرگەن.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى مۇشۇ زالدا نۇرغۇن قېتىم مۇھىم يىغىنلارنى ئۆتكۈزۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ زور فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى مۇزاكىرە قىلغان ۋە چەت ئەللىك مېھمانلارنى قوبۇل قىلغان.

جۇڭنەنخەيگە 1 - قېتىم كىرگەن يولداشلار سۇنئىي تاققا چىقىپ، ئەتراپقا قاراپ، خۇۋېيرېنتاڭ قەيەردە؟ مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ ئىش بىناسى قايسى تەرەپتە؟ دەپ سورىشاتتى. مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسى يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ دەم ئالماي ئىشلەي-دۇ. شۇڭا جۇڭنەنخەيگە ساياھەتكە كىرگەن كىشىلەرنىڭ مەركىزىي كومىتېت بىنالىرى جاي-لاشقان تەرەپكە خالىغانچە بېرىپ ساياھەت قىلىشى مەنئىي قىلىنىدۇ. ساياھەتچىلەر ئۆز-ئارا پاراڭلىشىپ، شىمال تەرەپتىكى بىر قەۋەتلىك كۆلرەك بىنالارنى كۆرسۈتۈشۈپ، ئاشۇ مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ ئىش بىناسى دېيىشىپ، ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن قارىشاتتى.

جۇڭنەنخەي پايتەختنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان خان سارىيى بىلەن تۇتۇشۇپ تۇرىدۇ.

قەدىمقى زاماندىكى پادىشالار ئۇنى خان-خانىشلارنىڭ تاماشا قىلىپ كۆڭۈل ئېچىشى ئۈچۈن مىليونلىغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ قان-تېرى بەدىلىگە ياساتقان. ئۇمۇ ئوخشاشلا جۇڭگو ئەمگەكچى خەلقىنىڭ يۈكسەك ئەقىل-پاراسىتىنىڭ مەھسۇلى. ئۇنىڭغا جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنىڭ رەڭگارەڭ گۈللىرى كەشتىلەنگەن. قەدىمقى زاماندىكى جۇڭگو بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئاجايىپ نەمۇنىلىرى سىڭدۈرۈلگەن.

جۇڭگودا ئۆتكەن خان-پادىشالار خەلققە دەھشەتلىك زۇلۇم سېلىپ، دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان ھەشەمەتلىك ئوردا، باغلارنى ياسىتىپ، ئۆزىنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇپلا قالماستىن، مۇشۇنداق ھەيۋەتلىك، ئالىپتە بىنالار ئۇلارنىڭ داڭقىنى چىقىرىشتىمۇ رول ئوينىغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا دەۋرلىرىدە مۇنداق بىر ۋەقە بولۇپ ئۆتكەن: 18-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى جاچىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇرىۋاتقان ۋاقىتلاردا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگوغا قارشى بىر باش ئەلچى تەيىنلەپ ئەۋەتكەن. بۇ ئەلچى ئۆزىنىڭ ئەلچىلىك خېتىنى پادىشاغا قانداق تاپشۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە جۇڭگو تەرەپ بىلەن مەسلىھەتلەشكەن.

جۇڭگودىكى خانلىقلارنىڭ ئادىتى بويىچە چەتئەل ئەلچىلىرى پادىشاغا ئەلچىلىك خېتى تاپشۇرىدىغان ۋاقىتتا، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ تازىم بىجا كەلتۈرۈپ، خەتنى ئىككى قوللاپ پادىشاغا سۇنىدىكەن. ئەنگلىيە ئەلچىسى مۇنداق قىلىشقا زادىلا ئۇنىمىغان. ئۇ ۋاقىتلاردا ئەنگلىيە سانائەت دەۋرىگە كىرگەن، بىر مۇنچە دۆلەتلەرنى مۇستەملىكە قىلىۋېلىپ، دۇنيادا ئۆزىنى بىردىن-بىر كۈچلۈك دۆلەت دەپ يۈرگەچكە، جۇڭگو پادىشاسىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ تازىم قىلىشنى ئۆزىگە ھاقارەت دەپ قارىغان. جاچىڭ پادىشا شۇ چاغدا جاڭشىنىڭ لۇشەن تېغىدا ئوۋ قىلىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرى ئىكەن. پادىشا بېيجىڭغا قايتىپ كېلىپ بولغىچە ئوردا ئەمەلدارلىرى ئەنگلىيە ئەلچىسىنىڭ خانغا ئەلچىلىك خېتى تاپشۇرۇشتا ئۆتەيدىغان قائىدىلىرى توغرىسىدا كۆپ باش قاتۇرۇشۇپ، ئاخىرى ئەلچىنى بىر پۇتىنى ئالدىغا سەل چىقىرىپ، تىزىنى ئېگىپ تۇرۇپ، ئىككى قولى بىلەن خانغا ئەلچىلىك خېتىنى تاپشۇرۇشقا ئاران كۆندۈرگەن. ئەنگلىيە ئەلچىسى پادىشاغا خەت تاپشۇرۇش ئۈچۈن، خان سارىيىغا كېلىپ، ھەيۋەتلىك بىنالارنى كۆرۈپ، ئالاقزادە بولۇپ تۇرۇشىغا، پادىشانىڭ قوبۇلخانىغا چىقىدىغانلىقى جاكالانغان. ئاندىن قاتتىق تۇۋلانغان ھەيۋەتلىك بىر ئاۋاز چىقىشى بىلەن قوبۇلخانىدىكى نەچچە مىڭلىغان كىشىلەر دەرھال تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، پادىشانىڭ ئايىغىغا باش قويغان. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تەمتىرەپ قالغان ئەلچىمۇ دەرھال تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ پادىشانىڭ ئايىغىغا باش قويغان، دېمەك، خان سارىيىنىڭ ھەيۋىسىدىن ئەنگلىيە ئەلچىسىمۇ قورقۇپ كەتكەن.

جۇڭگو خانلىرى خەلقنىڭ ئۆلەر-تىرىلىشى بىلەن كارى بولماي، مىليونلىغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ قېنى بەدىلىگە مۇشۇنداق كاتتا، ھەيۋەتلىك بىنالارنى، مەنزىرىلىك باغ ۋە كۆللەرنى ياسىتىشى ئۆزىنىڭ كۈچىنى نامايان قىلىشنىمۇ مەقسەت قىلاتتى.

ئەمگەكچى خەلق قان تۆكۈپ، تەر ئاققۇزۇپ ياسىغان بۇنداق ھەشەمەتلىك بىنالار،

باغلار، كوللار ... ئاقىۋەت يەنە خەلقنىڭ ئۆز قولىغا قايتىپ كەلدى. بۇمۇ تارىخىي قانۇنىيەت.

خان سارىيى، جۇڭنەنخەي — ھازىر ئۇ، خەلقنىڭ ئەڭ مۇقەددەس جايلىرىنىڭ بىرى.

خان سارىيى جۇڭگو خەلقىنىڭ قەدىمقى ۋە يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ، مەدەنىيىتىنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە مۇھاپىزەت قىلىنىۋاتقان مۇھىم جايلارنىڭ بىرى. ھەر يىلى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن مىليونلىغان كىشىلەر كېلىپ خان سارىيىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلماقتا. جۇڭنەنخەي پۈتۈن مەملىكەت تەلپۈنىدىغان مۇقەددەس جاي. بۇ يەرگە مەملىكەت خەلقىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى جايلاشقان.

1949 - يىلى پارتىيە مەركىزى جۇڭنەنخەيگە كۆچۈپ كىرگەندىن بۇيان، بۇ جايدا جۇڭگو خەلقىنىڭ بەختى - پاراۋانلىقى ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم ئىشلار پىلانلانغاندۇ، قانداق مۇھىم يىغىنلار ئۆتكۈزۈلگەندۇ! قانداق مۇھىم قارارلار چىقىرىلغاندۇ-ھە! پارتىيىنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك 8 - قۇرۇلتىيى جۇڭنەنخەيدىكى خۇەيرېنتاڭ زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن. 1932 - يىلدىن بۇيان ماۋجۇشى ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ليۇشاۋچى، جۇ ئېنلەي، جۇدې، چېن يۈن، دېڭ شياۋپىڭلار مۇشۇ جايدا مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن نەچچە مىڭلىغان كادىرلار، ئىشچى - دېھقانلار ۋە خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرىنى قوبۇل قىلىپ كۈتۈپ ئالغان. نەچچە مىڭلىغان كۈرەش قەھرىمانلىرى، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ۋەتىنىمىزنى زامانىۋىلاشقان، قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئاكتىپ ئەمگەك قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغانىدۇر.

پارتىيىنىڭ تارىخىي ئەھمىيەتلىك 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسى قۇرۇلدى. بۇ جەڭگىۋار سىلىكىبۇ كېچە-كۈندۈز تىنماستىن ئىشلەپ، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» پەيدا قىلغان قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاپ، ۋەتىنىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلۇغ ئىستىقبال ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا يېتەكلىمەكتە.

يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ قوسىقى تويۇپ، تېخىمۇ پاراۋان تۇرمۇشقا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلىغاندا، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان يېڭى سىياسەتلىرىدىن مىننەتدار بولماي تۇرالامدۇ كىشى؟ سول خاتالىق ۋە «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ خورلىنىش - ھاقارەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، 3- ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن ئاقلىنىپ، نامى، خىزمىتى ئەسلىگە كەلگەن نەچچە ئون مىڭلىغان كادىر، ئىشچى ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى خوشاللىقتا چۆمگەندە تارىختا شەكىللەنگەن بارلىق يالغان، ناھەق، خاتا ئەنزىلەرنى پىكفەن قىلىش توغرىسىدىكى سىياسەتنى بەلگىلىگەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئۇنىڭ شۇجىچۇسىنى خوشاللىق بىلەن ئەسكە ئالماي قالامدۇ!

10 يىللىق قالايمىقانچىلىقنى - ئىچكى ئېغىلىقنى بېشىدىن كەچۈرۈپ ھالىدىن كەت-

كەن ۋەتىنىمىزنىڭ تېزلىكتە قالايمىقانچىلىقتىن تىنچ، ئىتتىپاق بولۇشقا، نامراتلىقتىن باي بولۇشقا قاراپ بۇرالغانلىقىنى، يېزىلار توقچۇلۇق، بازارلار ئاۋات، خەلقنىڭ كۆڭلى ئازادىلىكتىن ئىبارەت ياخشى ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن كىشى 11- نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئۇنىڭ شۇجىچۇسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك رەھبەرلىك يادروسى ۋە پىششىق يېتىشكەن باشلامچىسى ئىكەنلىكىنى ئويلىماي قالامدۇ؟ !

جوڭنەنخەي — ئۇ بىر ئاددىي ئىسىم ئەمەس، بەلكى ئۇ ھەقىقەتەن بىر مۇقەددەس جاينىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ نامى پارتىيىنىڭ نامى بىلەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ نامى بىلەن زىچ باغلانغان. كىممۇ بۇ جاينى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلمىسۇن؟ پايتەختتكە 10 مىڭ كىلومېتىرلاپ يىراق بولغان كوئېنلون ئېتىكىدىكى ئۇيغۇر دىخنىمۇ، پامىرنىڭ مۇز تاغ باغرىدا چارۋا باقىدىغان تاجىك يىگىتىمۇ جوڭنەنخەيگە تەلپۈنىدۇ. بېيجىڭنى، جوڭنەنخەينى كۆرگۈسى كېلىدۇ.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسى خەلقنىڭ ئارزۇسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆتكەن يىلنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ جوڭنەنخەينى خەلقنىڭ ئېكىسكۇرسىيە ۋە ساياھەت قىلىشىغا ئېچىپ قويدى. بېيجىڭ ۋە مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن كىشىلەر ئۈزۈلمەي بۇ ئەھمىيەتلىك جاينى ساياھەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. پايتەخت پىئونېرلىرى «1- ئىيۇن» بالىلار بايرىمى ئەرپىسىدە خۇەيرېنتاڭدا بىر نەچچە قېتىم ئويۇن كۆرسەتتى.

مەن جوڭنەنخەيدە ساياھەت قىلىۋېتىپ، جوڭنەنخەينىڭ باھارى ھەقىقەتەن تولىمۇ گۈزەل، تولىمۇ يېقىملىق ئىكەنلىكىنى، بۇ باھار يۈرەككە ھۇزۇر، كۆڭۈلگە ئىلھام بېغىشلايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. نەنخەي كۆلىدە قېيىقتا ئۈزۈپ كېتىۋېتىپ، ئۆزەمنى پەخىرلىك ھېس قىلدىم. باشقا ساياھەتچىلەرمۇ شۇنداق ھېسسىياتتا بولغان بولۇشى مۇمكىن.

1982- يىل، ئاپرېل.

## پارتىيە شەنىگە

تۇردى مەتنىياز

پارتىيەم شەنىگگە كۈي قاتماق شەرەپ، بەختىم مېنىڭ،
سەن ئۈزۈك بەختىمگە نۇر چاچقان قۇياش، پەخرىم مېنىڭ.
سەن بىلەن زۇلمەت تۈگەپ، ئاتتى سائادەتنىڭ تېڭى،
نۇرغا چومدى ئانا تۇپراق، سەھرا يۇ - تاغ، شەھرىم مېنىڭ.
سەن بولۇپچىن پاسىبان، يوقسۇل بېشىنى سىلىدىڭ،
سەن بىلەن شەمشات كەبى تىكلەندى بۇ قەددىم مېنىڭ.
شەپقىتىڭدىن كۈلدى دىل، بولدۇم چىمەننىڭ بۇلبۇلى،
سەن ياراتقان هور زاماندا ئاشتى يەنە قەدرىم مېنىڭ.
پارتىيەم سەن باشلىغان شانلىق چېلىشتا - جەڭدە مەن،
سەل بولۇپ تاشتى ياۋۇز «توت شۇم» غا ئوچ - قەهرىم مېنىڭ.
باغلىدىم چىڭ بەلنى مەن، خىزمەت قىلاي دەپ ئەلگە مەن،
يېڭى خىزمەت كورستىشكە كەلدى خوش پەيتىم مېنىڭ.
ئەي قەدىردان پارتىيەم، ئاچتىڭ يېڭى مەنزىلگە يول،
شۇ يولۇڭ بويىلاپ داۋان ئاشماق قارار - شەرتىم مېنىڭ.
تەربىيەڭدىن نۇر ئېمىپ، ئۈستۈم قىران لاچىن بولۇپ،
خىزمىتىڭگە جان پىدا قىلماق بۈيۈك ئەهدىم مېنىڭ.

◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇

## كوممۇنىست

ئابدۇۋايىت توختى

كوممۇنىست دەپ ئىپتىخارلىق نامىم بار،
چۈنكى بۇنام قىزىللىتاڭدا قويۇلغان.
قولدا غالىپ، شانلىق قىزىل تۇغۇم بار،
ئىشقى دىلغا نەقش بولۇپ ئويۇلغان.

× ×

بىر چاغ ئىدى زۇلمەت بوغۇپ ھاياتنى،
ھەممە ياقنى قارا تۇتەك قاپلىغان.
تېكىنخورلار زۇلۇك بولۇپ قان شوراپ،
مەزلۇملارنىڭ يۈرىگىنى داغلىغان.

شۇۋرغانلىق قاپقاراڭغۇ كېچىلەر،
قورقۇنۇچلۇق جاڭگاللارغا كېتەتتىم.
تەمەچ تىرىپ جان بېقىشنىڭ كويىدا،
يالاڭغىداق نالە قىلىپ يۈرەتتىم...

مىڭ بالادا تەمىچىمنى ئىسىپ كەلسەم،
زەي ھويلىدا ياتقان ئانام قان قۇسۇپ.
«نە بالا بۇ» دەپ سورىسام ئۈنىگدىن،
«ئالۋاڭ-ياساق دەردى» دەيتتى ئاھ ئۇرۇپ.

«دادام يوققۇ؟» دەپ سورىسام مىسكىندىن،
جاۋاپ بەرمەي ھەسرەت بىلەن يىغلىغان.
چۈنكى دادام زىنداندىكى چېغى كەن،
جاللات ئۇنى قانغا بوياپ قىيىنىغان...

غەزەپ بىلەن تۇگۇلگەندە مۇشلىرىم،
گويا تاغدەك كۈچ-قۇۋۋەتكە تولاتتىم.
قەپەزدىكى شىرگە ئوخشاش ھوكىرەپ،
تاڭ شولىسى چۈشكەن ياققا ماڭاتتىم.

× ×

قىزىلتاڭدىن يورۇق نۇرلار چېچىلىپ،
مېنىڭ بەختىم قىزىل گۈلدەك ئېچىلدى.
قانلىق زۇلۇم يىلتىزلىرى چېپىلىپ،
قۇللۇق كىشەن زەنجىرلىرى چېقىلدى.

تۇنۇگۇنكى زۇلۇم چەككەن بىچارە —
دادامنىڭمۇ قەلبى كۈلدى شاتلىنىپ.
يېزىمىزدا „زەربىدار“ دەپ نام ئالدى،
ئۇملۇشۇشنىڭ بەيگىسىگە ئاتلىنىپ.

مەنمۇ شۇچاغ كىرىپ كەتتىم شۇڭغۇپلا،
پەن-مەرىپەت گۈلزارىنىڭ قوينىغا،

ئىلىم - پەندىن قوراللىنىپ ئاتلاندىم،
شانلىق كۆرەش - يېڭى ھايات يولىغا.

باغۋەن بولۇش قانداق شەرەپ - پەخىرلىك،
ئېچىلدۇردۇم رەڭمۇ - رەڭ گۈل غۇنچىلار.
غۇنچىلاردىن چېچىلاتتى زۇمرەتتەك
تاغۇ - دەريا، ۋادىلارغا ئۈنچىلار.

گۈزەل باغچە مېۋىلەرگە لىق تولۇپ،
راسا گۈللەپ - ياشنىغان بىر چاغ ئىدى.
خازان ئەيلەپ گۈل - چېچەكنى سوغ - جۇدۇن،
ھۇقۇش ھۇلاپ، قارا تۇمان قاپلىدى.

كۈتمىگەندە باشقا چۈشكەن جۇدالىق،
ئايرىۋەتتى مېنى يارنىڭ ۋەسلىدىن.
يۈردۈم ئۇزاق قۇيۇنلاردا پىقىراپ،
چىقالماستىن كەر بالانىڭ دەشتىدىن.

„قارا“ دىگەن سادا كەلدى تاغ ئارا،
بىر توپ مايمۇن چىقىۋالغان چوققىدىن.
بولىۋاپتۇ بىرسى ئايال پادىشا،
ۋەزىرلىرى ئىككەن ئۈنىڭ تۈلكىدىن.

سوتلاپ مېنى ئەيىپلىدى مايمۇنشاھ،
„ئىككى يول بار، تاللىۋالغىن بىرىنى.
بىرسى بىزنىڭ تۈپتىن بۇزۇش ئەركىن يول،
بىرسى كونا، بىلمىدىڭمۇ سىرىنى؟

قانداق دەيسەن پەيتنى بىلىپ غەنىمەت،
تەسلىم بولۇپ قايتىپ كەلسەڭ تەختىمگە.
ۋە بولۇرسەن ئالدىنقى رەت ۋەزىرىم،
سەن يېتەرسەن ئاخىرقى رەت بەختىڭگە...“

دىدىم: زورلۇق، جاھالەتكە باش ئېگىش،
نومۇسلۇقتۇر باتۇر ئەجدات نەسلىگە.
مېنىڭ بەختىم قىزىل تاڭدىن تۇغۇلغان،
چىن سادىقمەن ئازات باھار پەسلىگە.

× ×

چىقتى بوران ، چاقتى چاقماق قاراسلاپ،
گۈمران قىلىپ ئالۋاستىلار تەختىنى.
قوغداپ قالدىڭ دەنا ، ئۇلۇغ پارتىيەم،
قايتىدىن سەن خەلقىمىزنىڭ بەختىنى.

مۇبارەكلەپ شانلىق يېڭى تويۇڭنى،
ماڭدىم قىزىل تۇغنى ئېلىپ قولۇمغا.
ئەسلىگەندە قەسەم بەرگەن كۈنۈمنى،
خوشاللىغىم سىغماي قالدى دىلىمغا.

بىر ئوغلۇڭمەن ساڭا سادىق،پىداكار،
ئەقىدەمدىن يانماسقا! ئانت ئىچىمەن.
سېنىڭ ئۈچۈن تۇغۇلغانمەن ، سەن ئۈچۈن-
ھاياتىمدىن-بارلىغىمدىن كېچىمەن.

## ۋەتەن ئىشقى

قادىر سىدىق

ۋەتەن كوكلەم - باھار ، يازدەك گۈزەل - كوركەم دىيارىمدۇر،
قاقاس چول جاڭگىلى ئاۋات بېھىشتىن چارە باغىمدۇر،
ياشايمەن ھور - پەرى كەبى خوشاللىق ئەۋجى چاغىمدۇر،
قاياقتىن كەلسە قۇم- ئاپەت، بورانغا دالدا تاغىمدۇر،
شۇڭا دىلدا ئۇلۇغ گۈلخان ۋەتەنگە ئىشتىياقىمدۇر.

ئېزىز ئەل - جان ئانام تەڭسىز ۋاپادار - مېھرىۋان ئامراق،
تۇمەن تارىم سۈيى پۈتمەس ماڭا ئاق سۈت بىلەن قايماق،
ئېمىپ سۈت باغرىدا ئوستۇم ئۇنىڭغا مەن بولۇپ مۇشتاق،
مۇھەببەت رىشتىمىز خۇددى بىرىككەن چىڭ ئورۇش - ئارقاق،
ئانامنىڭ مېھرىدىن ھەرۋاق مېنىڭ ئويناق ھاياتىمدۇر.

گۆھەر - ئالتۇن دىسەم شەكسىز قىلار كەملىك ئۇنىڭ ئەجرى،
تۇمەن، مىليۇن دېڭىز- ئوكيان ماڭا ئەل شەپقىتى - مېھرى،
شۇڭا رەڭدار چېچەك ئاچتى باھارىمنىڭ گۈزەل دەۋرى،

باھاسىز شەپقىتى بىرلە يېتىلدىم بوپ تىمەن سەرۋى،
كويۇمچان ئەل ـ ئانام ئامراق ئۆمۈرلۈك باش پاناھىمدۇر.

سائادەت قوينىدا ھەردەم بەختىنىڭ پەيزىنى سۈرسەم،
ۋەتەنسىز كەلمىگەن بەختىم دېبان ئۆيلايمەن يول يۈرسەم،
ئېلىم ـ تېچ ـ مەنمۇ تېچ ـ خۇرسەن، ئۇنىڭ شات كۈلكىسى كۈلكەم،
شۇڭا دەيمەن پىدا ئەيلەپ جېنىمنى بەختىچۈن بەرسەم،
ئۇنى چەكسىز شەرەپ بىلمەك دىلىمدا ئوت خۇمارىمدۇر.

چىقاردى ئەل ئۇلۇغ پەرمان : سېنىڭ دەپ توت نىشان ـ غايەڭ،
جىمى سەپ باشلىدى پارلاق سەپەردە قىزىتىپ تىز جەڭ،
سەپەرگە مەنمۇ ئات سالدىم خەلقىقە ياندىشىپ ھەم تەڭ،
قەدەمدە مىڭ چاپا چەكسەم خىيال قىلمايمەن دەڭ ـ ئوتەڭ،
پولاتتەك تاۋلىنىپ پىشقان مېنىڭ غەيرەت ـ چىدامىمدۇر.

قۇۋۋەت بەردىۋەتەن چەكسىز قۇياشلىق نەۋ باھارىمغا،
يۇھادەك يالماۋۇز ئاچكوز كىلەلمەس تەڭ مادارىمغا،
ئالايتسا كوز ئەگەر مەلئۇن ۋەتەن گۈل ـ يۈز دىيارىمغا،
شۇئان دەپن قىلىپ گورگە، يىتىپ يۈكسەك مۇرادىمغا،
ۋەتەننى چىن رىزا ئەيلەش مېنىڭ ئەھدۇ ـ قارارىمدۇر.

## تۇمەن دولقۇنى

يۇسۇپجان ئەخمىدى

تۇمەن ، سىنى كورمىسەم ،
بويلىرىڭدا يۈرمىسەم ،
تەس چۈشمەمدۇ كۈيلىمەك
ئۇچى كوتمەك قەلەمگە ؟ !
ئوزەمنىمۇ چاغلىدىم ،
لېكىن ، بەلنى باغلىدىم ،
ئىلھام قىزى قويماس ، دەپ ـ
مېنى ئىزا ـ ئەلەمگە ،

ھە دىگەندە ھولۇقتۇم ،
قېيىن ئىشقا يولۇقتۇم ،
كۈيلەش ئۈچۈن تۇمەننى ،
يېزىش كېرەك نىمىنى ؟
دولقۇننى يازمايمۇ ،
تەكتىنى بىر قازمايمۇ ،
ئەجەپ ئەمەس، دوستلۇرۇم
تولۇقلىسام كېمىنى .

دولقۇنىنى ئاڭلىسام ،
بولمىغىدەك داڭلىسام ،
يوقمىش ئۆزگە دەريادەك
يا دولقۇنى ، شاۋقۇنى .
قىزىق ئىش ـ تە خالايىق ،
بۇ گەپ مەنچە ئالايىق .
ئاقماس تۇمەن ، بولمىسا
گەر تەكتىدە دولقۇنى .

گەرچە يىراق ئاراڭلار ،
يانار تاققا قاراڭلار !
بە ھەيۋەت تاغ ئالدىدا
كورۈنىدۇ ئۇ غېرىپ .
ئەمما ، ئاتسا لاۋا ئۇ ،
كۆلدۈرلەيدۇ ھاۋامۇ .
غۇلاپ چۈشەر چوققىلار
تەقدىرىگە تەن بېرىپ .

شۇنى بىلىش كېرەككى ،
يانار تاغنىڭ ، دېمەككى ،
يۈرىگىدە ماگمىسى
تۇرار پىنھان پۈرۈخلاپ .
بىر ـ بىرىگە كۆيۈشمۇ ،
قۇچاغلىشىپ سۆيۈشمۇ ،
پىنھان بولسا تاتلىق ـ دەپ ،
تالاي ـ تالاي شائىرلار
ئۆتكەن ئىكەن ئۇلۇغلاپ .

تۇمەن ، سېنىڭ دولقۇنۇڭ ،
ئىلھام بەخش شاۋقۇنۇڭ ،
ئۇزاق ـ ئۇزاق زامانلار
كەلدى شۇنداق سىر بولۇپ .
گاھى تولۇپ ، گاھى ئاز
ئېقىمۇرىدىڭ قىشۇ ـ ياز ،
ئۇستى باتۇر ئوغۇل ـ قىز
دولقۇنىڭدا چومۇلۇپ .

ئاھ ، بۇ دولقۇن ـ ئاق دولقۇن ،
كۆچ ـ قۇدرەتتە تاق ، دولقۇن
ئەجدادلارنىڭ ئىستىگىن
قىلغان تامام مۇجەسسەم .
خوشالمەنكى شۇنىڭغا
قەلبىم تۇتاش ئۇنىڭغا ،
ياڭرىغايمۇ ئاۋازىم
شۇ دولقۇننى كۆيلىسەم ؟ !

**********

# غەزەللەر

تەلئەت تۇردى

## كېرەك

كىمدە بولسا زەررىچە نۇر ، ئەل ئۈچۈن چاچماق كېرەك،
مۇشكۇلىگە ماڭا مەن دەپ، كۆكسىنى ئاچماق كېرەك.
كەچمىگۈنچە جاندىن ، جانانىغا بولمەس يەتكىلى،
" بىلىل ئۆزۈڭنى، ئۆزگىنى قوي " دىن يىراق قاچماق كېرەك.

ئەل ئۈمىدى: بۇ زاماننىڭ لايىغىدا ئىش كۆرۈش،
خەلق ئۈچۈن ھەر كېچە، كۈندۈز ئوت بولۇپ يانماق كېرەك.
ئېلىمىز خەلقى بۈگۈن چۈشتى زەپەر بەيگىسىگە،
بۇ ئۈزۈن سەپەر جېڭىدە ئات سېلىپ ماڭماق كېرەك.
ئەلنى جان، ئەل ئىشىنى جاندىنمۇ ئەلا بىلگۈلۈك،
ئوتىدا كۆل بوپ كۆيۈپ، سۆيىدە ئاقماق كېرەك.
ئەل قولىدا بارچە ئامەت، چەكسىز گۈزەل ئىستىقبال،
ئەل قاتارى چىن بەختىنىڭ قەنتىنى چاقماق كېرەك.

## خەلقىم

قېنىم دەيمۇ ـ جېنىم دەيمۇ سېنى مەن جانىجان خەلقىم؟
يۈرەك ـ باغرىم، كۆيۈم دەيمۇ سۆيۈملۈك مېھرىبان خەلقىم؟
ھۈنەر ـ سەنئەت، پاراسەتنىڭ ـ جىمىكى كۈچ ـ جاسارەتنىڭ،
چىراغى ھەم بۇلاغى سەن قەدىردان، پاسىبان خەلقىم.
سېنىڭ بىرلە كۆڭۈل توقتۇر، سېنىڭسىز ھېچنىمەم يوقتۇر،
غۇرۇرۇم سەن، ئىشەنگەن زور تېغىم سەن قەھرىمان خەلقىم.
شۇدۇر بەختىم: سېنى ئويلاش، سېنىڭچۈن تەر توكۈش ـ ئىشلەش،
ساڭا جاننى پىدا قىلماق شەرەپتۇر ھەر قاچان خەلقىم.

## يولداش

ئوسمان ھوشۇر

ئەدەپ ـ ئەخلاق پەزىلەتتۇر كىشىگە دائىما، يولداش،
ئۇنىڭسىز سەن ئۆزەڭنى ھېچ قەدىرلىك چاغلىما، يولداش.
ئەدەپسىزلىك تىگى يوق ھاڭ، پەخەس بولغىن ئۇنىڭدىن قاچ،
كېيىن ئەپسۇس ـ پۇشايماندىن چىقالماي زارلىما، يولداش.
كىشى كۆركى پەزىلەتتۇر، قەدىر ـ قىممەت ئەدەپ بىرلە،
ئەدەپسىزلىك بىلەن پاكىز يۈزۈڭنى بۇلغىما، يولداش.
ئىگىلسەڭ گەر خالايىققا گويا سەن شاختىكى ئالما،
كىبىر قىلما خالايىققا ـ بېشىڭنى تولغىما، يولداش.
پەزىلەت باغىدىن ئىزدە، ئۆزۈڭگە بىر ئۆمۈر سىرداش،
ئەدەپسىزدىن قاچار ھەر كىم، ئۇنى سەن تاللىما، يولداش.

# قەمبەرنىسا



(داستان)

ئابلىمىت ھاجى

بۇ داستاننى باشلايمىز،
ئەنجۇرلۇكتىن ـ ئاتۇشتىن.

داخشا ـ ئۇسۇل ماكانى،
تېشى ئالتۇن بۇ يۇرتتىن ...

ئۇتكەن كۇنلەرنىڭ بىرىدە، ئاتۇش دىيارىنىڭ بىر كەنتىدە ھەمراخان ئىسىملىك بىر ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ قەمبەرنىسا ئاتلىق بىر قىزى بار ئىدى.

قەمبەرنىسا ئون يەتتە ياشقا كىرگەندە ھوسنىگە تولۇپ ئېچىلدى، داڭقى ـ شوھرىتى ئەتراپقا چېچىلدى.

قەلەم سوز ئاپراتى بىلەن ئۇنى مۇنداق سۇرەتكە ئالىدۇ:

قەمبەرنىسا بىر گۇل ئىدى،
گۇللەر ئىچىدە سەرخىل ئىدى.
كۇندىن نۇرانە، ئايدىن گۇزەل،
تاڭدىكى چولپان يۇلتۇز ئىدى.

پىستە بۇرۇن، ئويماق ئېغىز،
چىشلىرى ئۇنچە ـ سەدەپ ئىدى.
ساچى سۇمبۇل، قۇندۇز ئىدى،
سوزى شىرىن، لىۋەن ئىدى.

بويى غۇنچە، زىبا ئىدى،
مەڭزى ئاناردەك قىزىل ئىدى.
قەلەم قاشلىق، ئوقيا كىرپىك،
ئاھۇ كوزلۇك رەنا ئىدى.

داخشا ئوقۇپ قىلسا ناۋا،
سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل ئىدى.
ئۇسۇلغا چۈشسە مەيدان ئارا،
ئاسماندا قاڭقىغان دۇلدۇل ئىدى.

قولى چىۋەر، ئىشچان ئىدى،
ئۆيىنىڭ ئىشىغا پىشقان ئىدى.
دوپپا تىكىپ، ئەتلەس توقۇپ،
شوھرەت گۈلىنى قىسقان ئىدى.

ھەمراخانىنىڭ قارىسا كوز چاقنىغىدەك، سەيلە قىلسا يۈرەك ياشنىغىدەك ئەنجۈرلۈك بىر بېغى بار ئىدى. قەمبەرنىسانىڭ كونلىرى شۇ چاغدا خوشال ئۆتەر ئىدى. ئەنجۈرلەر راسا مەي بولۇپ پىشقان، شىرنىلىرى ئۈنچىدەك ۋىلىلداپ، تىم - تىم ئېقىپ تۇرغان سەرتانىنىڭ ئۆتتەك ئىسسىق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئاتۇش بازىرى- دۇشەنبىدە، قەمبەرنىسا- نىڭ سوۋەتكە ئەنجۈر قاچىلاۋېتىپ بىر قوشاق ئوقۇغىنى:

ئەنجۈرۈمۇ - ئەنجۈرۈم،
بېغىم ھوسنى ئەنجۈرۈم.
كىچىكىمدىن باغلانغان،
ساڭا كوڭۈل زەنجىرىم.

تەمىڭ تىلنى يارىدۇ،
يىسەك يۈرەك قانىدۇ.
قوياش سېنى داسقانغا،
داسقان زىننەت تاپىدۇ.

رەڭگىڭ ئالتۇن مەسەللىك،
شاھ مىۋىسەن ئەنجۈرۈم.
دىيارىمغا شوھرەتنى،
سەن بىرىسەن ئەنجۈرۈم.

ئەنجۈرۈمۇ - ئەنجۈرۈم،
شاخ مانتىسى ئەنجۈرۈم.
بالدەك شىرىن ئەنجۈرۈم،
ياغدەك پىشقان ئەنجۈرۈم.

كەنتىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە، بوستانلىق بىر مەھەللىدە ئەزىمەت ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ دۇنيالىقتا يالغۇز تىغىدەك شەمشىدىن ئاتلىق ئون توققۇز ياش- لىق بىر ئوغلى بار ئىدى.

سوز خەزىنىسى ئالتۇن دەرۋازىسىنى ئېچىپ، ئۇنىڭشەنىگە مۇناسىپ ئۈنچىلەرنى چېچىپ مۇنداق تەرىپلەيدۇ:

بىر يىگىت ئىدى شەمشىدىن ئاتلىق
بويى - تۇرىقى سەرۋى قامەتلىك،
رەڭگى - رۇخسارى قۇياش تەلئەتلىك.
قولىگۈل، ئەپچىل، ھۇنەرسەنئەتلىك؛

دىلى ئاق ئىدى دوستقا ئۈلپەتتە؛
كىچىككە ئىززەت، چوڭغا ھورمەتتە.

ئىدى بىر لىچىن ئىشتا، ھەركەتتە،
پىلىدەك يۇمشاق ھوسلە- سۆلكەتتە،

ئەجرى بار ئىدى ھەر بىر يىللاردا،
راۋابى ياڭراق دالا - قىرلاردا.
بىر يالقۇن ئىدى مېھرى دىللاردا،
نامۇ - ئەھۋالى داستان تىللاردا.

قەمبەرنىسانىڭ داڭقى ئۇنىڭقۇلىقىغا يەتتى. مۇھەببەتنىڭ سېھىرلىك كۈچى غايى- ۋانە ھالدا ئۇنى ئەسىر ئەتتى ۋە ئۇنىڭ ياشلىق تىلەكلىرى قايناپ تۇرغان يۈرىكىگە شىرىن ئىشق شارابىنى قۇيۇۋەتتى. ئۇ راۋابىنى سايرىتىپ مۇنداق قوشاق ئېيىتتى:

غايىۋانە ئەسىر بولدۇم،
بىر گۈلىرەناغا مەن.
شوھرىتى بىر شاھ سەنەم،
كەلت ئۇرا بەرداغامەن.

دىللىرىم خۇن چەشمە بولدى،
ئىشقىدا پەريات ئۇرۇپ.
ھەسرەتا!... جىسمىم ھەجەپ-
يالدىمۇ ئاتەش بولۇپ؟!

ئۇ بىر قانچە زامان، قەمبەرنىسالارنىڭ باغ تېمىنى ئايلىنىپ يۈردى. ئاخىرى شورا ئاتلاپ باققا كىردى. پىنھانلىغا موكۇنۇپ تۇرۇپ قەمبەرنىسانى كۆردى. گەپ قىلماققا نىيەت قىلدى، ئامما «بىر كىشى بىر نەرسىنى ئۇمىت قىلسا، ئول نەرسىدىن قورقار...» دىگەندەك، شەمشىدىننىڭ يۈرىگى قورقۇنچىدىن تىترىدى. ئۇ، بۇ ھالىنى بايان ئەيلەپ بۇ نەزمىنى ئوقىدى:

بورىمۇ سەن، ئەژدارمۇ سەن ئەي مۇھەببەت،
شەمشىدىنگە سىرلىرىڭنى يېشىپ كۆرسەت!
ئاشىق كۆزى سۆيگۈ ھۆسنىن كۆرگەن چېغى —
نىمە ئۈچۈن يۈرەك تىترەپ، قاچار جۈرئەت؟!.

ئەژدارنىمۇ پىسەنت ئەتمەس يىگىت ئىدىم،
قاچانكى، سۆيگۈ بېغىدىن مەجۇن يىدىم؛
سەۋدا بولۇپ، دىدار ئىستەپ، جانان كۆردۈم،
بىراق، ئۆتكەپ قىلالماي - ۋايجان!... دىدىم.

شۇ ھالدا يەنە بىر نەچچە زامان ئۆتتى. پىچاق سۆڭەككە يەتتى...

ئۇ بىر كۈنى باققا كىردى. ئەنجۈر سايىسىدا ئولتۇرۇپ دوپپا تىكىۋاتقان قەمبەرنىسانى كۆردى... كۆردى - دە، ئاھ چېكىپ ئېغىر بىر تىندى. ئاندىن ئۆزىنى بىر ئەنجۈر شېخىنىڭ دالدىسىغا ئالدى. قەمبەرنىساغا قاراپ ۋۇجۇدى ئاتەش بولۇپ ياندى...

شەمشىدىننىڭ بۇ ھالىتىگە بۇ نەزمىنى بېغىشلىساق مۇناسىپتۇر:

«ئاھ ئۇزار بولسام ئەگەر،
ئۇچقۇنىدا ئەلەم كۆيەر.
يىغلىماق بولسام ئەگەر،
تامچىسىدا ئالەم چۆكەر...»

ئىشق دەردى ئۈنۈشىغا ئاجايىپ زور بىر جاسارەت ئاتا قىلدى - دە، ئۇ باتۇرلۇق سەركەردىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، بىر پارچە رەختكە ئورالغان بىر تۈگۈنچەكنى قەمبەرنىسانىڭ ئالدىغا تاشلىدى. قەمبەرنىسا چۆچۈپ ئارقىغا داجىدى. كېيىن يەنە ئالدىغا بىر قەدەم مېڭىپ، ئىختىيارسىز ھالدا قولىنى ئۇزۇتۇپ، تۈگۈنچەكنى ئالدى ۋە ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ كۆردىكى، كېلىشكەن بىر يىگىت ئۆزىگە تەبەسسۇم بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئىككى كۆز

بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشتى. ھەييات! ... يىگىتنىڭ كوزىدىن بىر ئوت ئۇچۇپ چىقىپ قەمبەرنىسانىڭ يۈرىگىگە مۇھەببەت نەشتىرىنى سانجىدى. قەمبەرنىسانىڭ قاشى كامانىدىن ئېتىلغان بىر ئوقمۇ شەمشىدىنىنىڭ سىنەسىنى پارە - پارە ئەيلەپ خاراپ قىلدى، جىگىرىنى كاۋاپ قىلدى. شۇندا ئۇنىڭ قەمبەرنىساغا قاراپ بىر بېيىت ئېيتقىنى:

خاھى بىلىڭ، خاھى بىلمەڭ قەمبەرنىسا، راۋابىمغا تەگكەش بولدى داخشىڭىز.
يۈرۈگۈمگە ئىشىق ئوتىن ياقتىڭىز. نامە يازدىم بايان قىلىپ ھالىمنى،
بېغىڭىزنى ئەگىپ يۈردۈم خېلىدىن، ياجانىمنى ئالسىڭىز، ياكۆڭۈلنى بەرسىڭىز؟!

ھويلا تەرەپتىن ھەمراھىنىڭ قەمبەرنىسانى چاقىرغان ئاۋازى قۇلاققا يەتتى.شەمشىدىن چاقماق تېزلىگىدە تامدىن سەكرەپ چۈشۈپ كەتتى . قەمبەرنىسا بولسا تۇگۇنچەكنى تۇتقىنىچە ھەيرانلىق ئىچىدە، ئەنجۈر تۈۋىدە بىر دەم تاڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى - دە، كېيىن ئەنجۈر سۈۋىتىنى كوتۈرۈپ ئۆيگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

قەمبەرنىسا ئانىسىنى بازارغا يولغا سالدى. ئاندىن تال باراڭلىق پىشايۋاندىن ئورۇن ئالدى. ئۇ تۇگۇنچەكنى ئېچىۋىدى، تۇمارچە قىلىپ قاتلانغان بىر پارچە ئىر سالنامە چىقتى. ئۇنىڭ مەزمۇنى بۇدۇر:

مۇھەببەتلىك يۈرەكتىن، ئىشقىڭىزلە كويدۇر گەچ،
جانان سىزگە يازدىم خەت. دىلدار سىزگە يازدىم خەت.
مېھرىڭىزلە سويدۇرگەچ،

قەدىر - قىممەتلىك، ئاپتاپ - تەلئەتلىك، قىزىلگۈلدىن بوي ئالغان، كاككۇكتىن خۇي ئالغان، كوڭلۈمنىڭ پىكرى، دىلىمنىڭ زىكرى، بويلىرى غۇنچە، چىشلىرى ئۈنچە، قاشلىرى قەلەم، چاچلىرى سۇمبۇل، ئارامى باغىمنىڭ گۈلى، چىمەنلەرنىڭ بۇلبۇلى، دەردىمنىڭ داۋاسى، رەنجىمنىڭ شىپاسى، گۈزەللەرنىڭ رەناسى، كوڭۈل رىشتىم باغلانغان قەمبەرنىساغا:

جانانىم سىز بېغىم ئىچرە بىر قىزىلگۈل، شۇ تۇتاشقان ئوت ئىچىدە كويدى بۇ جان،
ئىشقىڭىزدا مەن ناتىۋان بىچارە بۇلبۇل. كورۈشمەگلىك ئىستىگىدە دىل پەرىشان.

سىزنى كورۈپ ئوتىڭىزغا مۇپتالا بولدۇم، ھەجەپمۇ يامان ئىكەن كويەكنىڭ ئاھى،
ۋە سىلىڭىزگە يېتەلمەستىن سارغىيىپ سولدۇم. بۇ جېنىمنى ئورتىۋەتتى ئىشق پىراقى.

كېچە بولسا كوزلىرىمدىن ئۇيقا قاچتى، كويىڭىزدا ھەردائىما يۈرۈيمەن سەرسان،
سىزنى ئويلاپ ۋوجۇدۇمغا ئوت تۇتاشتى. ئىشقىڭىزدا مەجنۇن كەبى بولۇبان ۋەيران.

سىزگە مۇنداق كويمەكلىكىم ھەقتىن ئىرادە،
جېنىم مېنى كويدۇرمىڭىز مۇندىن زىيادە.
ئەرزۇ ـ ھالىم بايان ئەيلەپ نامە يازدىم،
سىزگە يەتسۇن جېنىم مېنىڭ ئاھۇ ـ دادىم.
سىز ئىرورسىز مېنىڭ ئارزۇ ـ دىلخايىم،
قاراپ قويۇڭ شەمشىدىنگە ئايا شاھىم!

قەمبەرنىسا بۇ ئىر سالنامىنى ئوقۇپ، يۇرىگى ھاياجاندا تىز ـ تىز سوقۇپ، شۇنداق ئويلىدى: «قارىغاندا، ئۇ يىگىت ماڭا مۇناسىپتۇر ... شۇبھىسىزكى، مەن ئاڭلىغان ۋە بىر كورۇشنى ئارزۇ قىلغان راۋاپچى شەمشىدىن شۇدۇر. ئۇنىڭغا بىر جاۋاپنامە يازاي....».

ئۇ قەغەز ـ قەلەم ئېلىپ، شىرىن سوزلەردىن تەسۋىر تۇزۇپ مۇنداق جاۋاپنامە يازدى:

خەت يازاي شۇل نامىڭىزغا،
چىن مۇھەببەت ـ مېھرىمدىن.
بىر كورۇپ كۇيگەن يۇرەكتىن،
ئىشتىياقىم، رىشتىمدىن.
قەددى شەمشات ئەي يىگىت،
ئورتاق بولاي ھالىڭىزغا.

بۇ ئومرۇمنى تەقدىم قىلاي،
خىزمىتىڭىزگە ـ كارىڭىزغا.
نەقىش قىلدىم يۇرەگىمگە،
ئەي لاچىنىم سوزىڭىزنى.
سىزگە بەردىم چىن كوڭلۇمنى،
قوبۇل كورۇپ ئوزىڭىزنى.

قەمبەرنىسالارنىڭ ئويىنىڭ ئارقا تەرىپىدە بىر توقايلىق بولۇپ، ئۇ يەردە بىر بۇلاق بار ئىدى. كىشىلەر ئۇنى «مارجان بۇلاق» دەپ ئاتىشاتتى. شائىر «مارجان بۇلاق» ھەققىدە مۇنداق شېئىر يازدى:

بار ـ بۇ پەيزى،
خۇش ھاۋالىق جايدا ـ
بىر پونتان بۇلاق.
بىز ئاتايمىز،
بۇ، بۇلاقنىڭ نامىنى ـ
«مارجان بۇلاق»
چورىسىدە بوك ـ باراقسان ـ
غۇچچىدە تالۇ ـ سوگەت.
زەپمۇ كوجۇم، زەپمۇ كوركەم،

خۇددى گۇلبوستان بۇلاق.
تۇرنا كوزلەردىن ئېتىلغان،
كوك لەھەلدەك سۇلىرى؛
توختىماي ياكى ئۇززۇلمەي،
جۇش ئۇرۇپ ئاققان بۇلاق.
توت يېقى ئوتلۇق ـ چىمەنلىك،
ئىشتىراھەت گۇلشىنى...
قانچە ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ،
مېھرىنى چاتقان بۇلاق.

قەمبەرنىسا بۇلاققا سۇغا چىقتى. ئۇ، بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىپ كوزىسىنى سۇغا چوكۇ ـ رەي دەپ تۇرۇشىغا بۇلاقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا بىر چالما چۇشتى. بۇنىڭ زەربىدىن ئەت ـ

راپقا مەرۋايىتتەك سۇ مارجانلىرى چېچىلىدى. بۇ مارجانلاردىن بىر قانچىسى قەمبەرنىسانىڭ يۈزىنى سۆيۈپ، قىزىلگۈل بەرگىدە تۇرۇپ قالغان شەبنەمگە ئوخشاش يالتىرىدى. قەمبەرنىسا چۆچۈپ كەتكەن كېيىكتەك بىردەم تاڭ قېتىپ قالدى - دە، توت تەرەپكە قارىدى. ئەنسى - جىن كورۇنمەيتتى. ئۇ كوزىنى ئىككىنچى قېتىم سۇغا چوكۈرمەكچى بولۇپ قول ئۇزاتقىنىدا، بۇلاققا يەنە بىر چالما ئېتىلدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭدىن چاچراپ چىققان سۇ مارجانلىرىدىن بىر قانچىسى ئۇنىڭ ئوتقاشتەك ئەتلەس كوينىكىگە چۈشۈپ سىڭىپ كەتتى. قەمبەرنىسا كوزىنى يەرگە قويۇپ، ئەتراپىنى كوز لىنتىسىدىن ئوتكۈزدى - دە، ئالدى تەرىپىدە - قېلىن چاتقاللار ئارىسىدا غۇۋا كورۇنۇپ تۇرغان شەمشىدىننى كوردى. سەللەمنا! ... ئۇنىڭ ئىشق شارابى بىلەن مەست بولغان يۈرىكى كۆپۈلدەپ ئۇرغىنى تۇردى ... ئۇ نىمە قىلىشنى بىلمەيتتى. ئاگىنچە شەمشىدىن چاتقاللارنى ئاستاغىنا ئۇياق - بۇياققا سۈرۈپ - ئىشتىرىپ ئوز جامالىنى كورسەتتى. ئۇنىڭ كوزلىرىدىن نۇر، روخسارىدىن خۇش تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان هالدا قەمبەرنىساغا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. بىر جۈپ كوزنىڭ ئوزىگە تەلمۈرۈپ، تىكىلىپ كېلىۋاتقىنىنى كورگەن قەمبەرنىسامۇ دەسلاپ بىر قىزىرىۋالدى. كېيىن سەدەپتەك چىشلىرىنى پاقىرىتىپ ئىللىقىنە كۈلدى. شۇ چاغدا شەمشىدىن قەمبەرنىساغا قاراپ بۇ بېيىتنى ئېيتتى:

ئوتمۇ سىز، ئاتەشمۇ سىز قەمبەرنىسا،
نە ئۈچۈن بۇ ئوت تۇتاشقاندۇر ماڭا؟!
مەندىكى ئوتنى ئېلىپ شۇ تاپتىلا،
سىزگە سالسام بولاتتى، ئېيتىڭا؟!
ئانىڭىز ئايمۇ، دادىڭىز ئايمۇ قەمبەرنىسا،
تۇغۇپتۇ سىزدەك رەنا قىزىلگۈلنى.

ھەسرەت بىلەن قېنىپ جېنىم ئولتۇرەمسىز،
مەندەك ئاجىز، دىلى سۇنۇق يېتىم قۇلنى؟
سىزنى كورسەم خۇددى گۈلدەك ئاچىلۇرمەن،
تېرىق كەبى ھەر تەرەپكە ساچىلۇرمەن.
سىزنىڭ ئوتىڭىز ھەجەپ مېنى بىچارە قىلدى،
يۈرۈگۈمنى زەخمە ئەيلەپ مېنىڭ پارە قىلدى.

قەمبەرنىسانىڭ جاۋابەن ئېيتقان بېيىتى:

ئىشق دەردىن تارتىشۇرغا مەنمۇ قىلدىم ئىختىيار،
سىز يىگىتنى جۈپتۇم دەيمەن، قىلدىم ئىختىيار.
بىر كورۇپ شول ۋەسلىڭىزنى سەۋرى - تاقەت قالمىدى،
ئىختىيارنى سىزگە بەردىم، كەتتى مەندىن ئىختىيار.

قەمبەرنىسا يانچۇغىدىن بىر پارچە رەختكە ئورالغان بىر تۈگۈنچەكنى ئېلىپ شەمشىدىنگە ئۇزاتتى. شەمشىدىن ئۇنى ئۆز رەنايى جاھانىنىڭ مۇبارەك قولىدىن ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئېلىپ ئېچىپ كورىۋىدى، ئىچىدىن بىر پارچە ئىرسالنامە چىقتى. شەمشىدىن ئىنتىزار كوزلىرىنى تىكىپ ئۇنى ئوقۇدى. ئوقۇپ بولۇپ مۇنداق نەزمە توقۇدى:

سىزنى ئەي مېھرىبان يارىم سۆيۈپ چىن ئاشنا بولدۇم،
يۈرۈپ ئارقىڭىزدا سەرسانە ، ئۆز ئەركىمدىن جۇدا بولدۇم.
يولىڭىزدا بولۇرمەن قۇربان، پىدا ئەيلەپ سىزگە مىڭ جان،
قىلاي كۆڭلۈمنى مەن ئىزھار-جاۋابىڭىزغا رىزا بولدۇم.

كېيىن مۇنداق دېدى :
ئەي ھايا تلىق بېغىمىنىڭ گۈلشىنى ، مېنىڭ تىرىك يۈرمەكلىكىم سىزنىڭ ۋەسلى - دىدارىڭىز بىلەن بولۇر. سىزنى بىر كۆرسەم - كۆڭلۈم خۇشاللىققا تولۇر ...
گۈل يۈزلۈك پەرىزات قەمبەرنىسا ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا باقتى . بۇ بېقىش - شەمشىدىنىنىڭ يۈرىكىگە تېخىمۇ ئوت ياقتى . ئۇ ، مۇھەببەتنىڭ بىھۇشلۇق دورىسىنى ئىچكەن ھالدا قەمبەرنىسانىڭ ئىللىق باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى . قىز ئۇنىڭ قوللىرىنى سىلاپ ، كۆزىگە تىكىلەتتى . يىگىت قىزنىڭ يېقىملىق كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ قاراپ ئەكىلەتتى . بۇ ئىككى جان گويا يوگۈمەچ بولۇپ بىر-بىرىگە چىڭ يۆگەشتى .
بۇ ھالغا سەھىپە ئېچىپ زەر چاچار بولساق ، سۆز گوھەرلىرىدىن مۇنداق نەزمە تىزىلىدۇ :

ئىككى تەن، ئىككى جان بولدى مۇجەسسەم،
ئۇلاركى، شۇ پەيتتە بىر «غېرىب - سەنەم ».
ئىككى قۇياش بىر ئۆپۈشتىن قېشىن سوزدى،
ئىككى ئاي بىر ئاسماندا پەيدا بولدى.

ساداقەت جامىدا سۆيگۈ سۇنۇلدى،
يۈرەكتىن يۈرەككە قۇيۇلدى، سىڭدى.
بىر ئۆچكىدە يېتىلگەن قوش مېغىز بولدى،
بىر ئاسماققا ئېسىلغان قوش ئالما بولدى.

بۇ مەنزىرىگە بېغىشلاپ كاككۇكلەر قوشاق قاتسا ، بۇلاق سۆيى دولقۇن ئاتاتتى . مەجنۇن تاللار ئۇسۇل ئوينىسا ، تېرەكلەر چاۋاك چالاتتى . شۇندا قەمبەرنىسا بىلەن شەمشىدىن بىر - بىرىگە تويماي بېقىشىپ بۇ غەزەلنى ئوقىدى :

تىرىكدۇرمىز - ئەبەت بىر يەردە بىز،
ئۆلۈكدۇرمىز ئەگەر - بىر گوردا بىز.
ئاشىقلىقنىڭ مىزانى - ساداقەتتۇر،
ساداقەتكە خىيانەت قىلساق، ئۆلۈكدۇرمىز.

ئاردىن بىر قانچە ۋاقىت ئۆتكەندە ، پىراق دەردى كۆڭۈلنى ئەسىر ئەتكەندە، كۈنلەرنىڭ بىر كۈنىدە قەمبەرنىسا ئەنجۈر تۈۋىدە ئولتۇرۇپ دوپپا تىكمۇتتىپ بۇ ناخشىنى ئوقىدى :

ناخشا ئېيتامدۇ كىشى،
بىر ئىشتىياقى بولمىسا؟!
ياش توكەمدۇ ئاھ ئۇرۇپ،
دەردى - پىراقى بولمىسا؟!

كېچە - كۈندۈز كوزۇمدىن،
يار جامالى كەتمەيدۇ.
ئالەمدىكى يىگىتلەر،
مېنىڭ شەمشەمگە ① يەتمەيدۇ.

بىر كورۇپ كويۇپ قالدىم،
كۆلمەكلا خالا يىقلار!
ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمدە،
يوقتۇر بىزدەك ئاشىقلار.

ھەمراخان شۇ كۈنلەردە قىزنىڭ بۇرۇنقى شۇ شوخلۇقلىرىنىڭ ئونىدىن بىرسىنىمۇ قالماي، ئالمىدەك رەڭگىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ساغىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ھەمىشە بىر ئوي - خىيال بىلەن بەنت ئېكەنلىكىنى سىزىپ يۈرەتتى. ئۇ قىزنىڭ ناخشىسىنى ھويلىدا تۇرۇپ ئاڭلاپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ باققا كىردى ۋە قىزنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەك بولۇپ بىر سوز ئېيتتى:

قىزىلگۈلۈم قەمبەرنىسا،
بايان ئەيلە، نە دەرت بولدى؟
جېنىم قىزىم ئاي جامالىڭ-
نە سەۋەپتىن بۇنچە سولدى؟

بۇنىڭ سىرىن بىلگۈم كېلۇر،
دەردىڭگە داۋا بولغۇم كېلۇر،
كىمنى سۆيسەڭ ئۆز خاھىشىڭ،
جاۋاپ بەرگىن نەدەرت بولدى؟

قەمبەرنىسامۇ ئانىسىغا بىر سوز ئېيتتى:

مېھرىبانىم جېنىم ئانا،
سۆيگۈم كېلۇر گۈل مەكزىڭگە.
بايان ئەيلەي كوڭلۇم سىرىن،
ۋاپا قىلساڭ ئۆز لەۋزىڭگە؟!

ھەمراخان قىزىغا دۇئا ئەيلەپ بىر مۇناجات ئوقىدى:

ئېيىت سىرىڭنى كوز قاراغىم،
قەمەر-ئايىم، دىل چىراغىم.
مۇرادىڭنى ھاسىل قىلسۇن،
قادىر ئاللا پەرۋەردىگارىم!...

قەمبەرنىسا ئانىسىدىن بۇ سوزنى ئېشىتىپ خۇرسەن بولۇپ ئۆز ھالىنى مۇنداق بايان قىلدى:

ئاشىق بولۇش نومۇس ئەمەس،
كىم ئومرىدە بىرنى سۆيمەس؟
ئاشىق دەردىنى باشقىسى بىلمەس،
ئاشىق دەردىن ئاشىق بىلۇر.

كەنتىمىزدە شەمشىدىن ئاتلىق،
بىر يىگىت بار بەك سۇباتلىق.
شۇ مەن ئۈچۈن كوڭۈل شاتلىق،
بىلمەك بولساڭ - دەردىم شۇدۇر.

① شەمشەم — شەمشىدىننىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

شۇ سەۋەپتىن رەڭگىم سۇلغۇن، بىلمسەڭ ئانا دەردىم نۇرغۇن،
ئىشلىرىمدا بولدۇم ئازغۇن. شۇ يار بىلەن يۈرگۈم كىلۈر.

ئەمدى شەمشىدىننىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئىككى كەلىمە سوز ئاڭلايلى...

يىگىتلەرنىڭ پىرى بولغان، ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ گۇلى بولغان بۇ نادىر يىگىت كوزلىرىدىن ھىجران ياشلىرىنى توكۇپ، يۈرەك كۈيلىرىنى راۋاپقا ئۈزگىتىپ، ئىشقى شارابىدىن مەست بولغان ھالدا، مەيلى كەچتە ياكى تاڭدا قەمبەرنىسالارنىڭ ئىشىگى ئالدىدىن راۋاپ چېلىپ، ناخشا ئوقۇپ ئوتىدىغان، ئەگىپ كىتەلمەيدىغان بولۇپ قالدى...

ئالمىدەك مېنىڭ يارىم، ئاسماندىكى ئايىمسىز،
بىيىدەك مېنىڭ يارىم. كوڭلۇمدىكى يارىمسىز.
ئىشقىڭىزدا سەۋدامەن، سىز ئۈچۈن تۇغۇلغانمەن،
كوكتىن ئاشىدۇ ئاھىم. ھاياتىمسىز، بارىمسىز.

ئۇ، كۇنلەرنىڭ بىرىدە، چۈشىدە، رىۋايەتلەردە «بەخت قۇشى» دەپ ئاتىلىدىغان «ھۇما» دىگەن قۇشنىڭ بېشىغا قونۇپ تۇرغانلىغىنى ۋە بۇ قۇشنى بىر ئايالنىڭ سىلاپ ئەركىلىتىۋاتقانلىغىنى كۇردى. بۇ روزى ـ رامزان ئېيى ئىدى. ئۇ ئويغۇنۇپ كېتىپ خېلىغىچە ئۇخلىيالمىدى. پىراق دەردى يۈرىگىنى داغلىدى. ئۇ، ئويلىدىكى: "يارنىڭ دىدارىغا ئېرىشمەك ـ ئاشىقلار ئۈچۈن سائادەتتۇر....".

ئاشىق بولساڭ يارىڭ ئۈچۈن جاننى قۇربان ئەيلىگىن،
گەر يولۇقسا جاپا تىغى، ئۇنى يەكسان ئەيلىگىن.
يار ۋەسلىگە ۋاسىل بولماق، ئاشىق ئۈچۈن سائادەت،
شۇ سائادەت باغلىرىدا ئوزۇڭنى مېھمان ئەيلىگىن!

ئۇ، ئاشىقلار سىيىقىدا راۋابىنى قولىغا ئېلىپ ئويىدىن چىقتى... بىر دەمدىن كېيىن تېرىككە ھوزۇر، ئولۇككە ئاراملىق بېغىشلىغۇچى «ئاللەي ناخشىسى» نىڭ ناۋاسى كەنت ئۈپىغىدا جاراڭلىدى:

سۇبھى سەھەر بولدى يەي ئەمدى قوپمامسەن، تاغدا كىيىكلەر ئېيتۇر. سەگەك بولۇڭلار،
جېنىمەي ئاللەي، ئاللەي، ئاللەي. جېنىمەي ئاللەي، ئاللەي، ئاللەي...

بۇ ناۋا قەمبەرنىسالارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇرغىدى:

سۇبھى سەھەر بولدى يەي زولۇق① يىمەمسەن، باغدا تورغايلار ئېيتۇر سەھەرمەن بولۇڭلار،
جېنىمەي ئاللەي، ئاللەي، ئاللەي. جېنىمەي ئاللەي، ئاللەي، ئاللەي...

① زولۇق ـ سەھەرلىك

ئۈچكەركى هويلىدا تاھارەت ئېلىۋاتقان قەمبەرنىسانىڭ يۈرىكى «جىغ...» قىلىپ قالدى. ئىشىق خۇمارى بىلەن بىتاقەت بولغان ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ يالدى. ئۇ، ئوز ئوزىگە: «ھەجەپ، ھە!... بۇ شۇنىڭ ئاۋازىغۇ...» دىدى-دە، پۈتىنى يۇيۇپ بولۇپ دەرۋازىغا قاراپ مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى، ئاكىغىچە ئانىسى ئويدىن چىقىپ دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى. چۈنكى، بۇ ئاۋاز يىراقتىن كىلىۋاتقاندىلا ئۇ بۇنىڭغا بەنت بولغان، كوڭلىگە شىرىن ھىسلار تولغان ئىدى. شۇڭا ئۇمۇ ئوز - ئوزىگە: "نىمانچە چىرايلىق ئېيتىدۇ-ھە ؟... ئەقلىمگە كەلگەندىن بۇيان بۇنداق يېقىملىق ئەللەي ئېيتىدىغان ئەللەيچىنى كوروپ باقمىغان ئىدىم» دەيتتى...

دوستلار، سائادەت دىلبىرىنى ئويۇڭگە چىللىمامسەن،
جېنىمەي ئاللەي، ئاللەي، ئاللەي.
غۇنچە گىيالار ئېيتۇر بەختكە تولۇڭلار،
جېنىمەي ئاللەي، ئاللەي، ئاللەي...

ھەمراخان چىقىپ كوردىكى، ئالدىدا ئاپتاپ تەبەسئەتلىك بىر بەرنا يىگىت تۇراتتى. كىتاپلاردا ئېيتىلىپ دۇركى: بىر مومىنگە زولۇق بىرىش - ساۋاپتۇر... كىچىكىدىن تارتىپ بۇ سوزگە ئېتىقات قىلىپ كىلىۋاتقان ھەمراخان يىگىتكە: "ئاشىق يىگىت، زومەھلى بولۇپ قالدى. خانىمىزغا مەرھەمەت قىلىپ، زولۇق يەپ ناشتا قىلىۋاغايلا ..." - دىدى. يىگىتنىڭ مەقسەت - مۇرادى ھاسىل بولدى. يۈرىكى ئويناپ، كوڭلى شاتلىققا تولدى. ھەمراخانغا ئەگىشىپ ئويىگە كىردى، كىردى - دە، ئالدىدا ئوزىگە تەلمۈرۈپ تىكىلىپ تۇرغان قەمبەرنىسانى كوردى. ھەييات!... ئاشىق- مەشۇقلار شۇنچىلىك تويىماي قاراشتىكى، ئۇلارنىڭ كوزىدىن چېقىلغان ئىشىق چاقماقلىرى ئالەمنى يۇروتتى. ئىقبال كوزى يۇمۇلۇپ، تارتىنىش سەزگۇسى كومۇلۇپ، جاھاندىكى ھەممە نەرسىنى، ھەتتا يېنىدا تۇرغان ھەمراخاننىمۇ ئۇنۇتتى. شۇ چاغدا شەمشىدىنىڭ قەمبەرنىساغا قاراپ بىر قوشاق ئېيتقىنى:

ئودەك بىلەن كەررەكنىڭ، ئاشىق بىلەن مەشۇقنىڭ،
سۇ چېچىشقىنى خوبدور. كوز بېقىشقىنى خوبدور.

قەمبەرنىسانىڭ شەمشىدىنگە قاراپ بىر قوشاق ئېيتقىنى:

گۇللەر ئېچىلىپ تۇرسا، يىرى ئاشىق - بىرى مەشۇق،
بۇلبۇللار سايرىشىپ تۇرسا، بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرسا..

ھەمراخاننىڭ بۇ ھالغا ھەۋسى كىلىپ، نەزەر ئەيلەپ، ئاچچىغلىنىش، تەئەججۇپلىنىش ۋە ھەيران بولۇشتىن ھەزەر ئەيلەپ، قىزىنىڭ دىلشاتلىغىنى كوزلەپ، بىر قوشاق ئېيتقىنى:

ئۆمرۈم بويى سىلەرچۈن ،
تىلەي بەخت ـ ئامانلىق.
ئامان كوز ، يامان سوزدىن ،
يىراق بولۇڭلار داۋاملىق .

ئۈچەيلەن بىر داسقاندا دەقامتا ئولتۇرۇپ زولۇق يېدى . زولۇقتىن كېيىن شەمشەدىن ئۈزاپ چىققاندا ، دەرۋازا ئالدىدا ، ئۆزىنى ئۈزۈتۈپ چىققان قەمبەرنىسا بىلەن خوشلاشقاندا بىر قوشاق ئېيتقىنى :

ئۆيگە كىرمەگلىك ئاساندۇر ،
جورا بولغاندىن كېيىن.
يارنى سۆيمەگلىك ئاساندۇر ،
مەيلى بولغاندىن كېيىن .

قەمبەرنىسانىڭ جاۋابەن بىر قوشاق ئېيتقىنى :

راۋابىڭىزنى ئاستا چېلىڭ ،
بىلەكلىرىڭىز تالمىسۇن .
كىلىڭ ھەر كۈن مۇڭدىشايلى ،
يۈرەكتە ئارمان قالمىسۇن .

شەمشەدىن يولغا راۋان بولدى . راۋاپىنىڭ تارىغا زەخمەك ئۇردى . دولقۇنلاپ تۇرغان كوڭلىگە ئىلھام تولدى . مۇھەببەت يالقۇنى شىرىن زابانىدىن ناخشا بولۇپ دەريادەك قۇيۇلدى :

سەھەردە شامال چىقسا ،
يار بۇرنۇمغا پۇرايدۇ .
ئۇل يارىمنى كورمەستىن ،
كوڭلۇم قانداق ئۇنايدۇ ؟!
ئەللەي ئېيتماق ئىرادە ،
يۇرت ئايلىنىپ پىيادە.
ئامرىقىم ـ گۈزەل يارىم،
قىزىلگۈلدىن زىيادە…

**2**

كۈنلەر ئۆتتى ، ئاي ئۆتتى … شەمشەدىن بىلەن قەمبەرنىسانىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببىتى قىيامىغا يەتتى …

ۋا دەرىغا ! كۈتۈلمىگەندە تاپىنىدىن ئاپەت ياغدۇرغان ، قامچىسىدىن قان تامدۇرغان مانسۇر بەگنىڭ كوزى قەمبەرنىسانىڭ ئاي جامالىغا چۈشتى . ئۇ شەھۋانىي نەپسىگە ھاۋايى ـ ھەۋەسىنىڭ زەھرىنى ئىچتى … قەمبەرنىسانى تۇتىنچى خوتۇنلۇققا ئېلىش قەستى ئۇنىڭ خىيالىدىن كەچتى. ئۇ، يۈز بېشىلەردىن بىرىنى ئالدىغا چاقىرتىپ كوڭۈل سىرىنى يەشتى …

يۈز بېشى دىدىكى : « ئۆزۈم ئەلچى بولغايمەن » .

مانسۇر بەگ ئېيتتىسكى : « ئەگەر ئىشىنى ھاسىلىغا يەتكۈزسەڭ ، ئۈستۈڭگە سەرپايە تون ياپقايمەن».

يۈز بېشى قۇللۇق بىلدۈرۈپ ئەلچىلىككە مېڭىپ كەتتى. ئۇنىڭ ھەمراخانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىر سوز ئېيتقىنى:

"قىز دىگەن ـ توشۇك مارجان» دىگەن سوز بار،
مارجان ئىكەن، چۈشىدىغان هەر خىل كوز بار.

"قىز دىگەن ـ خان كوۋرىگى" دىگەن سوز بار،
كوۋرۈك ئىكەن، ئوتىدىغان يات بار، ئوز بار.

پەسلى باردۇر هەر نەرسىنىڭ، گوزەل بولۇر ئوز پەسلىدە،
قىز بويىغا يەتكەن چېغى ـ چىقار غۇلۇق ئوز ۋاقتىدا.

مانسۇر بېگىم سەۋدا ئىكەن، قىزىڭىزنىڭ كۆڭۈل ۋەسلىدە،
شۇ سەۋەپتىن ئورۇن بىرەر ئوز هوزۇرى ـ ئوز تەختىدە.

بەختى كەلدى قىزىڭىزنىڭ، قىز بىلەن تەڭ ئوزىڭىزنىڭ،
ئاشار هورمەت ـ ئېتىۋارى ئەل ئىچىدە يۈزىڭىزنىڭ.

بۇ بەختنى شامۇ ـ سەھەر گوھىرى دەپ كوزىڭىزنىڭ،
بېرىڭ دەرهال تىل چاينىماي جاۋابىنى سوزىمىزنىڭ!

هەمراخان بۇ سوزنى ئىشتىپ، ياقىسىنى يىرتىپ، غەزىۋى قاينىپ تېشىپ، ئەلىمى كوكتىن ئېشىپ يۈرەكلىرى چاك بولۇپ، كوزلىرىگە قان تولۇپ بىر سوز ئېيتتى:

"خىلى خىلىغا، گۇلى گۇلىغا» دىگەن سوز بار،
قىزىمىدىمۇ قىزلىق كوڭۇل، ئىشقى كوز بار.

"هاپتىغا شاپتىدۇر، توگرۇلۇقتا مەرەزدا دۇر"،
مانسۇر بەككە پەركەلگىدەك ئوز قورامى بىرىسى باردۇر.

قىزىم بولسا مانسۇر بەگنىڭ كەنجە قىزى زورەمچە بار،
ئاتمىش ياشلىق ئۇ قېرىنىڭ چاڭگىلىدا بولامدۇ خار؟

ئىرى ئوتۇك، دەرهال كىتسىڭ، قوۋۇرغامنى تولا ئەگمەي،
ئەپتىڭىزنى بوسوغامدا بۇندىن بولەك زادى كورمەي.

يۈز بىشىنىڭ گوستە خانلىق قىلىپ بىر سوز ئېيتقىنى:

ئوپكىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، ئويلاپ قىلىڭ بۇنداق گەپنى،
ئۇ كىم بولار، ئوزىڭىز كىم، جىڭلاپ كورۈڭ تازا پەرقىنى؟!

"ياخشى سوز تاشنى يارۇر" كەن، "يامان سوز باشنى يارۇر"
بىگىم بىلەن ئويناشمىڭىز، ئويناشسىڭىز يوگەپ سالۇر.

هەمراخاننىڭ يۈز بېشىنىڭ سوزىنىڭ بېلىگە تېپىپ بىر سوز ئېيتقىنى:

ئەمدى مېنىڭ ئىككى پۈتۈم گور ئاغزىغا كېلىپ قالدى،
يوق ئەندىشەم هەم قورقۇشۇم، ئالتە كۆڭلىك ئومرۇم قالدى.

ئالتە كۆڭلۈك ئومرۇمنى دەپ ئوز قىزىمنى خار قىلايمۇ؟
ئوز ئەركىدىن جۇدا قىلىپ، قەپەس ئىچرە زار قىلايمۇ؟!

اەت بولغان يۈز بېشىنىڭ چىقىپ كېتىۋېتىپ دەرۋازا ئالدىدا بىر سوز ئېيتقىنى:

ئادەم بالىسى بولماي كېتەي - ئوز گېپىمنى ئاقتۇرمىسام،
يا بولمىسا بېشىڭغا مەن تاش بورانى ياغدۇرمىسام؟!

هەمراخاننىڭ زەربە بېرىپ بىر سوز ئېيتقىنى:

چۆشەكىمە، هەمراخاندىن قىز ئالمىغىڭ - شە ① ئالمىغىڭ،
مەن ها ياتمەن - هەددىڭ ئەمەس قەمبىرىمگە قول سالمىغىڭ!

يۈز بېشى، مانسۇر بەگنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەهۋالنى يەتكۈزدى. يەتكۈزگەندىمۇ بىرگە ئوننى قوشۇپ، باغرىنى چاك ئېتىپ دەز كەتكۈزدى. شۇندا غەزەپتىن تۆكلىرى تە - تۈر يانغان مانسۇر بەگ بۇ نەزمىنى ئوقىدى:

ئەجەپ قىينالدى بۇ جانىم باسالماي ئىشق - پىراقىمنى،
بۇ دەردىمگە داۋا ئىزدەپ، يورۇت بۇدىل چىراغىمنى!
بىلەر مەنكى، ماڭا قىلغان ئەقىدە، ئەجرۇ - توهپەڭنى،
ئەزەلدىن جان نىسار ئەيلەپ يېقىن قىلدىڭ پىراقىمنى.

بۇ يۇرتتا ئول خوتۇننى ياشارغا تەس ئەيلىمەي قويسام،
تۇغۇلغانىغا تۈيغۇزۇپ، ئوڭا قەست ئەيلىمەي قويسام؛
ئىگىسىز بىر ئىت كەبى خارلاپ، ئونى پەس ئەيلىمەي قويسام،
قەسەميات - دوچىقار مەن قولۇمدا بار بىساتىمنى!

3

بىر كۈنى مانسۇر بەگ چىلان توروق ئېتىغا مىنىپ شەن يامۇلغا يول سالدى. دوغىلىرى ئىككى يېنىدا قول - قانات بولۇپ ماڭدى. كېتىۋاتقاندا «مارجان بولاق»

① شە - شەھەر.

تەرەپتىن ئاڭلىدى راۋاپ ئۈنىنى ۋە ئۈنىڭغا تەڭكەش بىر قىزنىڭ يىرەك كۈيىنى ... مانسۇر بەگ بىر ئاز تۇرۇپ قالدى. نىمە ئۈچۈندۇر يۈرىكى ئاغدى. ئىتىنىڭ يۇگىنىنى تارتىپ، بوينىنى بۇراپ «مارجان بۇلاق» قا ماڭدى. يىقىن بارغاندا، دەرەخلەر دالدىسىدا تۇرۇپ كوردىكى، چىمەنلەر ئۈستىدە بىر يىگىت راۋاپ چېلىۋاتاتتى، بىر قىز ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. يىگىت بولسا ـ شەمشىدىن، قىز بولسا ـ قەمبەرنىسا ئىدى.



قەمبەرنىسانىڭ ناخشىسى:

بىر چونەككە گۈل تېرىدىم،
بىر چونەككە يوگۈمەچ.
يوگۈمەچتەك پۈلاشتىم،
سىزنى بىر كۈن كورمىگەچ.

شەمشىدىننىڭ ناخشىسى:

چىمەن دەيمەن، چىمەن دەيمەن،
چىمەننىڭ بۇلبۇلى دەيمەن.
ئىشكتىن كولۈپ چىقسىڭىز،
يېڭى باغنىڭ گۈلى دەيمەن.

زەيتۇنە تاۋار دوپپىڭىزنىڭ،
پوپۈكلىرى گۈل ئىكەن.
رۇخسارىڭىز ئاي مەسەللىك،
قەلبىڭىز بىر نۇر ئىكەن.

ئىككىسىنىڭ بىللە ئوقىغان ناخشىسى:

كەنتىمىزدە ئېرىقلاردا،
ئابى زەمزەم ئاقىدۇ.
ئىچىپ باقساق خوي تاتلىق،
كۈكۈلگە زەپ ياقىدۇ.

زەمزەم ئاققان ئېرىقلاردا،
بىز ئىككىمىز ئوقايلى.
يۈرىگىمىزنى يۈرىگىمىزگە،
باخ ـ باخ ئېتىپ ياقايلى.

رەشىك ۋە كۈندەشلىك ئوتلىرى مانسۇر بەگنىڭ ۋوجۇدىنى پۇچۇلىدى ...
ئۇ، دوغىلىرىغا پەرمان قىلىپ: „ئىككىسىنى دەرهال ئالدىمغا كەلتۈرۈڭلا“! ـ دىدى.
دوغىلىرى: „خوپ ...“ ـ دىيىشىپ پەرماننى بىجا كەلتۈردى.
مانسۇر بەگ بۇدورەم قەمبەرنىسانى ئۆز ئالدىدا يۈز تۇرانە، رۇشەن كورۇپ يۈرىگى شۈررىدە ئېقىپ كەتتى. هەۋەس نەشتەرىنىڭ زەربىدىن ۋۇجۇدىغا زەخمە يەتتى. ئۇ قەمبەرنىساغا ئۈزاقىچە تىكىلىپ قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ قەلبىدە: „قەمبەرنىسا هەقىقەتەن سەرخىل

خىل گۈل ئىكەن، بۇ يىگىت بولسا ئۇنىڭغا مەستانە بۇلبۇل ئىكەن. بۇ گۈلنى ئۆز ئىختىيارىمغا ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇلبۇلىنى ئۇۋۇ قوشلىرىمغا يەم ئەيلىمەكلىكىم لازىم ئىكەن» - دىگەن ۋەھشىيانە بىر قارا كولەڭگە ئۈچۈپ يۈرەتتى...

ئۇ كوزىنى شەمشىدىنگە يوتكەپ،غەزەپ بىلەن مۇنداق دىدى: «ھەي، مەشرەپ كورمىگەن ھايۋان، سەنشەرىئەت يولىغا خىلاپلىق قىلىپ، پىنھاندا ھاۋايۇ - ھەۋەسكە بېرىلىپ، بۇ رەنايى ئى ي جاھاننى راۋاپ تارلىرىڭنىڭ سېھرى كۈچى بىلەن يولدىن ئازدۇرماقچى بولىۋاتامسەن»؟

شەمشىدىن ئېيتتىكى: «ۋىژدانىمىز گۇۋادۇر، بىز ئومۇرلۇك يار بولۇش ئۈچۈن دىل زەنجىرلىرىمىزنى باغلىغان ئاشىق - مەشۇقلاردىندۇرمىز».

مانسۇر بەگ دىدى: «ئومۇرلۇك يار بولارمىش تېخى...».

شەمشىدىن دىدى: «بىز ئىككىمىز ئومۇرلۇك - ئومۇرۋايەتلىك...».

بۇ سوزدىن مانسۇر بەگنىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ كەتتى - دە، دوغىلىرىغا ئەمىر قىلدى: «شەرىئەتتىن تايغان، يۇرت كاتتىسىغا يانغان بۇ ھاياسىزنى بېسىڭلار، قىرىق بىر دەرە ئۇرۇڭلار» !

دوغىلار تەرەپ - تەرەپتىن شەمشىدىنگە تاشلاندى. شۇ چاغدا قەمبەرنىسا دوغىلارنىڭ ئالدىنى توساپ بۇ نەزمىنى ئوقىدى:

بىگۇنادۇر شەمش جانىم بىكار ئۇرماڭلار،
بىكار ئۇرۇپ، زەخمە ئەيلەپ ئۇۋال قىلماڭلار.
ئاشىق كوڭلى ئۈزۈك بولۇر، ئازار بەرمەڭلار،
ئوز ئەركىگە قويۇپ بىرىڭلار، توزاق قۇرماڭلار!

بۇ توقايدا ھەر خىل قوشلار يۈرمەمدۇ ئويناپ؟!
گاھى پەستە، گاھى كوكتە ئۈچۈشۈپ سويلاپ؛
بىزلەر يۈرسەك بولمامدىكەن چىمەنلەر بويلاپ،
بىگۇنادۇر شەمش جانىم، بىكار ئۇرماڭلار!

دوغىلار تۇرۇپ قېلىشقان ئىدى، مانسۇر بەگ قايتا ئەمىر قىلدى : «ئەمىر ئەدەپتىن ئۇلۇغدۇر. نىمىگە قاراپ تۇرىسىلە، ئۇرۇڭلار دىدىم، ئۇرۇڭلار!».

دوغىلار : «ئەدەپتىن ئەمىر ئۇلۇغدۇر ، ئۇرايلى »! - دىدى - دە، يەنە شەمشىدىنگە تاشلاندى.

شەمشىدىن:» توختاڭلار «! - دەپ خىتاپ قىلدى.

دوغىلار ئارقىغا داجىشتى:

شەمشىدىن كوزىنى مانسۇر بەككە نەشتەردەك سانجىپ تۇرۇپ بىرسوز ئېيتتى:

تىل بىلەن تۈككەن تۈگۈچنى،
قول بىلەن بولماس يېشىپ.
ئەپلىشىپ قالغان كوڭۇلنى،
تىغ بىلەن بولماس كېسىپ.

قارا ياغاچ قاشتا بولۇر،
چاچ كويەك باشتا بولۇر،

ياردىڭ دەردى ھەرقاچان،
يۈرەك بىلەن باشتا بولۇر.

چىن مۇھەببەت ئەھلى بىز،
بۇ ـ ھاياتنىڭ يىمىشى.
بىللە ئوйناپ، بىللە كۈلسەك،
باشقىلارنىڭ نىمىشى؟!

مانسۇر بەگ دەرغەزەپ بولۇپ بىر سوز ئېيتتى:

مەنكى مانسۇر بۇ دىياردا شۆھرىتى يىگانە مەن،
مال ـ مۈلۈك، ئىززەت-ھوقۇقتا خۇددى بىر شاھانە مەن.
قارشىلىق قىلماققا جۇرئەت ئەيلىدىڭ قانداقمۇ سەن؟
قۇرۇتىمسام پوشتۇڭ تامام، بولماي كېتەي بەگزادىمەن.

سەمشىدىن مانسۇر بەگنى مەزەللەت قىلىپ بىرسوز ئېيتتى:

قېرى بوۋاي قانداق كىشى؟
ئاغزىدا يوقتۇر چىشى.

قوسىغىم ئاچتى دىسە،
چايناپ بىرەر مەزلۇم كىشى.



مانسۇر بەگ ئەسەبىلەشكەن ھالدا ۋاقىراپ دوغىلارغا پەرمان قىلدى: "تۇتۇڭلار، بېسىڭلار، ئۇرۇڭلار!"

دوغىلار شەمشىدىنگە ئۇچىنچى قېتىم تاشلاندى، بىر مەيدان جەڭ باشلاندى...

شەمشىدىن بىر پەشۋا ئېتىپ بىر دوغىنى يەر چىشلىتىۋەتتى. بىر مۇش ئۇرۇپ يەنە بىر دوغىنى ئېرىققا پۈكلىۋەتتى. بىركا للا قويۇپ ئۈچىنچى دوغىنى ماللاق ئاتقۇزىۋەتتى ...

شەمشىدىننىڭ بۇنداق باتۇرلىغىنى كورگەن مانسۇربەگنىڭ يۈرىگى قېپىدىن چىقىپ كەتتى. شۇندىمۇ ئۇ "ئاتتىن چۈشسە، ئۈزەڭگىدىن چۈشمەپتۇ" دىگەندەك، پوپوزا بىلەن تەھدىت تىشىنى ئېتىپ بۇنداق دىدى:

مىدىرلىما، جېنىڭنى ئېلىپ جەھەننەمگە ماڭدۇرىمەن،
بېشىڭغا تۆمەن سەۋدا، مالامەت تېشى ياغدۇرىمەن.

شەمشىدىن مانسۇر بەگنىڭ بۇ ھالىتىدىن كۈلەتتى، تېلىقىپ كۈلەتتى، توختىماي كۈلەتتى...

شۇ چاغدا دوغىلاردىن بىرى ئۇمىلەپ قوپۇپ، پۈتۈن دىققەت-نەزىرى مانسۇر بەككە قارىتىلغان شەمشىدىننىڭ ئارقا تەرىپىدىن خۇپىيانە ھالدا كېلىپ، بېشىغا تۇيۇقسىزلا بىر كالتەك ئۇردى. شەمشىدىن سۇنايلىنىپ يەرگە يىقىلدى. شۇندا دوغىلار ئۇنىڭغا ئاچ بۆرىدەك ئېتىلدى ـ دە، بەلەققە تارتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى. زۇلمەت قامچىسى شەمشىدىننىڭ بەدىنىنى تىلىپ تاشلىدى. ئىلاجىسىز قالغان قەمبەرنىسا ئاھۇ ـ پىغانلار چېكىپ كوزىنى ياشلىدى...

قىرىق بىرىنچى دەرىدىن كېيىن دوغىلار ئۇرۇشنى توختاتتى. مانسۇر بەگ تاياق زەربىدىن پۈتلىرىدى كوتۇرەلمەي ياتقان شەمشىدىنگە خىتاپ قىلىپ: «بۇ ساڭا بىرىلىدىغان جازانىڭ ئەلچىسى. بۇنىڭ بىلەن ئوزۇڭنى تۈزگەيسەن. ئىشق كۈچىدىن ئۈمىدىڭنى ئۈزگەيسەن، بولمىسا جېنىڭنى جەھەننەمدە كورگەيسەن...» ـ دېدى ـ دە، يولىغا راۋان بولدى.

مانسۇر بەگ كەتكەندىن كېيىن قەمبەرنىسانىڭ شەمشىدىننىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، كوز چاناقلىرىنى ياش يامغۇرىغا تولدۇرۇپ بىر سوز ئېيتقىنى:

ھەجەپ بولدىڭىز يارىم،
يا، كوز تەگدىمۇ يارىم؟
سىزنى ئاسراپ قالارغا،
بولمىدى مېنىڭ چارەم.

يارسىز ئومرۇم مېنىڭ،
مىڭ ياشىسام بىر كۈنچە يوق.
يار ئوتىنىڭ ئالدىدا،
دوزاق ئوتى ئۈچقۇنچە يوق...

شەمشىدىننىڭ بىر سوز ئېيتقىنى:

مانسۇر بەگ كوڭلى قارا،
دەرت ـ ئەلەم قىلدى ماڭا.
قىلغىنى جەزمەن يانار،
ئاقىۋەت بىر كۈن ئاڭا.

قولغا دەرە ئالغانلىق،
ئوغۇل بالىلىق ئەمەس.

ئاشىق كوڭلى ھىچ قاچان،
دەرىلەرگە بوي بەرمەس.

خۇش كۈندۇر، سائا دەتتۇر،
كىشى جانانىغا يەتسە.
چېكىپ جەۋرو ـ جاپالارنى،
كوزى مەستانىغا يەتسە.

4

كۈنلەر ئوتتى كەينى ـ كەينىدىن تىزىلىپ؛ شەمشىدىن بىلەن قەمبەرنىسانىڭ مۇھەببەت داستانى كەنت ئىچىگە پوركەتتىيېيىلىپ، ئاشىق ـ مەشۇقلار تارىخىغا يېزىلىپ...

بىر كۈنى قەمبەرنىسانىڭ دوستلىرى ئۇنى تەبرىكلەپ، خور ئېيتىشتى ئەلجۇرلۇك باقـ
قا يىغىلىپ:

ھەركىمنىڭ بېشىدا بار مۇھەببەت سەۋداسى،
رەنالار ئىچىرە گۈزەل مۇھەببەت رەناسى.
كىشىكى بولسا گەر، ئۇ، رەنانىڭ شەيداسى،
قىلالماس ئۇنى بەنت جاھاننىڭ غەۋغاسى.

چىن مۇبارەك قەمبەرنىسا سۈيگۈ گۈلىڭىز ئېچىلىپتۇ،
شەمشىدىننىڭ چىن سۈيگىسى سۈيگىڭىزگە قېتىلىپتۇ.
قوش يۈرەكتىن ۋاپاسۈيى پونتان بولۇپ ئېتىلىپتۇ،
بۇ ئەمەسمۇ چىن ھاياتنىڭ سائادىتى، مەناسى.

بىر كۈنى شەمشىدىننىڭ ئاغىنىلىرى ئۇنى مۇبارەكلەپ مەشرەپ قىلىپ، بېيىت ئېيـ
تىشتى راسا ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ:

تاغدىن چۈشتى تاش بېلىق،
سۇدىن چىقتى ئاي بېلىق.
نەدىن چىقتى بۇ لايىق،
( بىر ـ بىرىگە خوپ لايىق )
قول تۇتۇشۇپ ماڭغاندا،
ھەيران قالسۇن خالايىق.

ئاي چىقسا ئاي تۇغۇر،
كۈن چىقسا كۈن تۇغۇر.

مۇنداق ياخشى گۆھەرلەرنى،
مۇندىن كېيىن كىم تۇغۇر؟
بۇ تاغلارنىڭ ئارقىسىدا،
قۇم ـ قۇم سايلار.
قۇم ـ قۇم سايلار ئارىسىدا،
تولۇن ئايلار.
تولۇن ئايغا تىل تەگمىسۇن دەپ،
پۈتكەن تۇمارلار.
سۇدىن چىققان لەھەل تاشتەك،
كوزى خۇمارلار.

شەمشىدىننىڭ راۋىپى كوكتە مەغرۇر جاراڭلاپ، قەلبىدىن بۇ بېيىت ئۇرغۇپ چىقىنى
خۇددى پونتاندەك ئېتىلىپ:

ئانار يۈزۈڭگە مەستانە بولدۇم،
ئەقلى ھۇشۇمدىن بىگانە بولدۇم.
ئايدەك جامالىڭ، سەرۋى نى ھالىڭ،
كويدۇردى مېنى، سەرسانە بولدۇم.
ئىشقىڭ ئەقلىمنى تارتتى ئۇزىگە،
سارغىيىپ سولدۇم، ۋەيرانە بولدۇم.

ھىجرىڭ ئوتىدا كويدى يۈرەگىم،
پىراق دەستىدىن دىۋانە بولدۇم.
بۇلۇت توسقان ئاي كەبى ھوسنۇڭنى،
يوشۇرغاچ مەندىن، يىگانە بولدۇم.
لالە يۈزۈڭنى سېغىنىپ ـ ئەسلەپ،
بۇلبۇل مىسالى گىريانە بولدۇم.

كىلەر يولۇڭغا باش قويۇپ يېتىپ، تاشلار سۇ بولۇپ ئاقتى ئەھمىگە،
تەلپۈندۇم ساڭا، پەرۋانە بولدۇم. دەردىڭدە شۇڭا غەمخانە بولدۇم.

5

بىر پەيشەنبە كۈنىدە، قاراڭغۇ كېچىدە، ئەل ئۇيقۇغا پاتقاندا، شەمشىدىن بىر ئاغىنىسىنىڭكىدىن قايتقاندا، بۇ كەنتنى زىل - زىلىغا كەلتۈرۈۋەتكەن، قايغۇ دېڭىزىغا چۆمدۈرۈۋەتكەن بىر ۋەقە بولۇپ ئۆتتى ...

مانسۇر بەگ بىر قانچە ئادەم - چاپارمەن لالما ئىتلىرىنى بۇيرۇپ، يوشۇرۇن ھالدا يول توساپ شەمشىدىننى ئۆلتۈرۈۋەتتى...

پەلەك رەخمىتىڭنى يار قىل ماڭا، ستەمكار زامانىنى بەرباد ئېتەي،
ئىسانلىق، قۇدرەتنى نىسار قىل ماڭا. تەلەپ ئەلتجايىمنى بار قىل ماڭا...

ئەتتىگەندە كەنت ئۆپىغىنى مۇسىبەت بولۇتى ياپتى. ئەزىمەتنىڭ ئۆيىنى زىمىستان كەبى بىر دەھشەت باستى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قەمبەرنىسا بولسا ھوشىنى يوقاتقان ھالدا شۇ ياققا قاراپ چاپتى. يۇرت - جامائەتمۇ خۇددى سەلدەك لومشۇپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاقتى...

ھەممىنىڭ قەلبىنى بۇ دەھشەتتىن پەيدا بولغان بىر سىرلىق تىپپىشماق چولغىۋالغان ئىدى...

شۇندا ئاھۇ - ئەپغانى ئاسمانۇ - زىمىننى لەرزىگە سالغان، كوز ياشلىرى دەريا بولۇپ ئاققان قەمبەرنىسانىڭ شەمشىدىننىڭ جەسىدى يېنىدا بىر نەزمە ئوقۇغىنى:

ئاھ يىگىتلەرنىڭ گۈلى شەمش جانىم سىز قېنى؟
ئاھ، چىمەنلەر بۇلبۇلى شەمش جانىم سىز قېنى؟
ئاھ، ئەجەپ يەتمەي ۋىسالىغا بى مەھەل چەيلەندىڭىز،
ئاھ، كوزۇمنىڭ گوھىرى شەمش جانىم سىز قېنى؟
ئاھ، كويۇپ كۈل بولدى بۇ جان ئىشقىڭىزدا ئورتىنىپ،
ئاھ، ھاياتىم گۈلشىنى شەمش جانىم سىز قېنى؟

سىزگە زۇلۇم - سىتەم قىلغان قايسى جاللات قېلىچى؟
بۇ قەبىھ قانخورچىلىق قايسى نامەرت قىلمىشى؟
ساقىغان يۇلتۇزغا ئوخشاش كەتتىڭىز لىپلا ئۆچۈپ،
ئاقتى بىر دەريا كەبى مەن ناتىۋانىڭ كوز يېشى.
ئاھ دېدىم، بۇ ئاھلىرىم تۇتماسمۇ ئاخىر بىر كۈنى،
نوۋۋەتى بار بۇ جاھاننىڭ، بار يەنە يازۇ-قىشى.

ئاشتى كوكتىن ئاھۇ ـ زارىم، گۇلشەنىم بولدى خازان،
بولدى زىندانۇ ـ جەھەننەم بىۋاپا زۇلمەت جاھان.
چىن ۋاپا ئەھلى ئۇچۇن بۇ دەرت ـ ئەلەم بىر ئىمتىھان،
مەن ئۇچۇن بولسا ئەگەر بىر ئەمەس، مىڭ ئىمتىھان؛
ئوتمەن ئەلا بىلىپ چىكىپ جاپا، بەرسەممۇ جان.

ئەلۋىدا سۇيگەن نىگارىم ئەمدى بولدۇقمۇ جۇدا؟
ئەلۋىدا سۇيگەن نىگارىم مەڭگۇ مەن سىزدىن رىزا.
روھىڭىز خۇشنۇدلىغىچۇن بارلىغىم تەقدىم-پىدا،
ئەلۋىدايۇ ـ ئەلۋىدا... قەلبىمدە مەڭگۇ شۇ نىدا.

شەمشىدىنىنىڭ دادىسى ـ ئەزىمەتنىڭ نالە ـ پەريات ئىچىدە بىر نەزمە ئوقۇغىنى:

بۇ دەھشەت، خەستە جانىمغا قادالغان بىر پەيكان بولدى،
جانىمغا جاپا ئەيلەپ دەرت بولدى، پىغان بولدى.
قىرقىلدى ۋاقىتسىز بىغىمدىكى نوۋەي سەرۋى ـ شەمشادىم،
يۇرەك ـ باغرىم داغۇ ـ ھىجران بىلەن قان بولدى.

كوز چەشمەمدىن چىققان بۇ قاراقان ياشىم،
قان ئەمەس، تېنىمدىن سىزىپ چىققان جان ياشىم.
يەنجىلدى ھايات بىغىمدىكى دىلكەش بۇلبۇلۇم،
مۇڭغا تۇتقۇن بولدى يالغۇزلۇقتا بۇ باشىم.

جاما ئەت ئېيتىمەن نەگە ئەرزو ـ ھالىمنى، دەردىمنى؟
گويا تاش سۇ بولۇپ ئېرىيدۇ ئىشىتسە نالە ـ زارىمنى.
بۇ، قارا يەر يۇتۇپ كەتسۇن، كويۇپ كۇل بولۇپ كەتسۇن،
بالامغا شۇم قولىن سوزغان ياۋۇز قاتىلنى، زالىمنى!

يۇرت جاما ئەتنىڭ بۇ پاجىئەدىن زارلىنىپ ئادالەتسىز زامان ئۇستىدىن شىكايەت قىلىپ بىر مۇناجات ئوقۇغىنى:

ھەسرەت ۋادىسىدا قان يىغلايمىز بىز،
غەزەپ ئىرىنىغى بىلەن زاماننى تارمىلايمىز بىز.
شەمشىدىنگە قەست قىلغان قاتىلنى تېپىپ،
ئولۇمگە مەھكۇم قىلىپ، گورىغا ئوت قالايمىز بىز.

6

قەمبەرنىسانىڭ ئەنجۇر تۇۋىدە ئولتۇرۇپ شەمشىدىننى ئەسلەپ بىر مۇناجات ئو-
قۇغىنى :

بايان قىلاي دەردۇ ـ ئەلەم ، زارىمنى،
تولا ئويلاپ شۇل ۋاپادار يارىمنى؛
زەپ ئورتىدى ئىشق پىراقى جانىمنى،
سېغىندىمەن ، شەمشى جانىم قايدىسىز؟

يىغلاۋىرىپ كوزۇم بولدى غۇبارە،
يىغلىماقتىن بولەك مەندە نەچارە؛
دىلىم غەمناك ، يۈرەك بولدى سەدبارە،
سېغىندىمەن ، شەمشى جانىم قايدىسىز؟

## 7

كۈلەر ماجالدەك تىزىلىپ ئوتمەكتە ئىدى . قەمبەرنىسانى ئوز دامىغا چۈشۈرۈش كويىدا مانسۇر بەگنىڭ قىلمىغان ئىشلىرى قالمىدى . قەمبەرنىسامۇ ئۇنى چۈشىنىشقا ئالمىدى .

كەنتتە بىر قېرى دەللە بار ئىدى . مانسۇر بەگ ئۇنى ئالدىغا چاقىرتىپ : « قەمبەرنىسانىڭ كوڭلىنى ماڭا مايىل قىلغايسەن . شۇندا مېنىڭ ئالدىمدا ئىززەتكە سازاۋەر بولغايسەن . يەنە كوپلەپ ئىنئام ئالغايسەن ...» ـ دىدى.

دەللە قۇللۇق بىلدۈرۈپ چىقىپ كەتتى ...

دۈشەنبە ئىدى . ھەمراخان بازارغا كەتكەن ، قەمبەرنىسا ھويلىدا ، سۇپىدا ئولتۇرۇپ دوپپا تىكىۋاتاتتى . بىر چاغدا ، بى تۇيۇقلا ھىلىقى دەللە كىرىپ : « ئەسسالام » ! ـ دىگىنىچە يۈز سۈلكەت ۋە ملىڭ تازىم بىلەن سۇپىغا كىلىپ بىر چەتتىن ئورۇن ئالدى . قەمبەرنىسانىڭ يۈرىگى ۋەھىمە بىلەن دۈپۈلدەپ سالدى . كاللىسىنى خېلىدىن بىرى بەنت قىلىپ كىلىۋاتقان بىر ئوي ـ خىيال چىرماپ ئالدى . شۇ چاغدا دەللىنىڭ : « قەمبەرنىسانى بىر سىناپ باقاي » ـ دىگەن ئۈمىت بىلەن پال سېلىپ بىر سوز ئېيتقىنى :

ئەلچىگە ئولۇم يوقتۇر ، ئارزۇغا ئېيىپ،
بىر سوزۇم بار ئوچۇق ئېيتسام كەتمەسسىز كايىپ.
مانسۇر بېگىم ۋەسلىڭىزگە مەھلىيا بولۇپتۇ،
سەنەمجانغا ئاشىق شەيدا بولغاندەك غېرىپ.

قەمبەرنىسانىڭ جاۋاپ بىرىپ بىر سوز ئېيتقىنى :

مەسلىھەتىم قارار تاپتى ، ئەمدى ماقۇل دەي،
بۇ قىسمەتنى ئوز تەقدىرىم ، بەختىمدىن كورەي.

قەمبەرنىسا شۇ سوزنى ئېيتىپ بولۇپ ، باققا كىرىپ كەتتى ۋە خېلىدىن كېيىن بىر لىگەن ئەنجۈرنى كوتۈرۈپ چىقىپ سۇپىدا قويدى . ئاندىن بىر پارچە نامە يازدى . كېيىن ئەنجۈرنى داسقانغا يوگەپ ، خەت بىلەن قوشۇپ دەللىگە بىرىپ : « بۇ مېنىڭ نىشانەم ، مانسۇر بەككە ئېلىپ بارىسىلا » ! ـ دىدى .

مانسۇر بەگ ئوز ھويلىسىدا ، سۇپىدا كوچىغا قاراپ ئولتۇرغىنىغا ھەلەم بولغان ئىـ

دى . دەللە بىر لىگەن زەللە كوتەرگەن ھالدا كىرىپ كەلگەندە ، ئۇنىڭ يۇرەكلىرى ئويناپ كەتتى .

شۇندا دەللىنىڭ ئۇنىڭغا بىر سوز ئېيتقىنى :

بۇگۇن ئوزلىرىگە قۇتلۇق كۇن بېگىم، قەمبەرنىسا راست گېپىنى دىۋەتتى، بېگىم،
بەختلىرى ئېچىلىپ ، تۇغدى كۇن، بېگىم. بۇ زەللىنى سوۋغات قىلىپ ئەۋەتتى، بېگىم.

مانسۇر بەگ تەقەززالىق ئىلكىدە داسقاننى ئېچىپ خەتىنى كوردى . خەتىنىڭ مەز - مۇنى بۇدۇر :

بىر لىگەن ئەنجۇر ئىبەردىم - بۇ سالامىم سىلىگە،
نەكى ئەنجۇر ، ئۇ مېنىڭ دەل جاۋابىم سىلىگە ...

8

مانسۇر بەگ ئەنجۇرنى يەپ بىر سائەتكە قالماستىن غەمسىدە جان بەردى . بۇن - داق چان بىرىش - پۇتۇن كەنتىكىلەرنى ھەيرانلىقتا چومدۇردى . قەمبەرنىسانى بولسا خوشاللىقتىن كۇلدۇردى . ئۇ ، ئوز - ئوزىگە دىدىكى:

ئەنجۇر ئىچىگە زەھەر سېلىپ يوللاپ سالام،
مانسۇر چايانىنى ئوزۇمگە ئەيلەپ رام،
يارىم ئۇچۇن پەم بىلەن ئالدىم ئىنتىقام،
ئەمدى دۇنيادىكى رىزقىم بولغاندۇر تامام.
شەمشەمىز ياشاش مەن ئۇچۇن ھارام.
يار ۋەسلىگە يېتىپ،ئالاي مەن ئارام.
„ ئالەمدىكى قۇشلار بۇچسا توپ - توپ بولۇپ،
كاككۇك بىلەن زەينەپ ئۇچار بىر جۇپ بولۇپ".
مەنمۇ شەمشىدىن بىلەن بىر جۇپ بولۇپ يۇرەي...

ئۇ بىر پارچە خەت يازدى . خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى :

ئىنسانىنىڭ دۇنياغا كەلمىگى باردۇر،
بىر كۇنى ھامانە ئولمىگى باردۇر.
ۋىژدانىم بۇيرىغى - ئولەرمەن بۇگۇن،
قارا يەر ئاستىغا كىرەرمەن بۇگۇن.
يار بىلەن ئۇچرۇشۇپ كۇلەرمەن بۇگۇن،
ۋەسلىگە ئېرىشىپ سۇيەرمەن بۇگۇن.
خوش ، مېنىڭ سۇيۇملۇك مېھرىبان ئانام،
خوش ، مېنىڭ جانىجان ئېزىز دوستلۇرۇم؛
ئەل - يۇرتۇم ، جاماتىم ، مەلە - كويلىرىم.

خوش ، مېنىڭ كىندىك قېنىم توكۇلگەن يۇرتۇم،
خوش، مېنى تەربىيىلەپ ئوستۇرگەن ۋەتەن.
خوش ، گۇلشەن ۋادىلار ، چىمەن قىرغاقلار،
خوش ، توقايزارلىقلار ، سايلار ، بۇلاقلار،
خوش، ئاۋات مەلىلەر ، ئەنجۇرلۇك باغلار.
خوش، ئېزىم دەريالار ، مويسىپىت تاغلار.
خوش دەڭلار ، قەمبەرنىسادىن رازى بولۇڭلار،
خوش دەڭلار ، مېنى ھەم ياد ئەيلەڭلار!...

تەبەسسۇم ئىلكىدە باراي،سالام بىرىپ شەمش جانىمغا،
سادا قەت بىلدۇرۇپ ئىشق يولىدا جېنىم جانانى يارىمغا،
ۋۇجۇدۇم بىناسى ۋەيران بولدى ئاھۇ - ئەپغاندىن،
قەپەز بولدى بۇ ئالەم ، يەتمەي ئارزۇ - ئىنتىزارىمغا.
جىمى ئاشىق - مەشۇقلار شاھانە تويلار ياساپ،
ئوقۇڭلار ئاپىرىن - تەھسىن شەمشەمگە قىلغان جان نىسارىمغا.
ئاسانمۇ بى مەھەل قۇربان ئەيلىمەك جاننى،
جاھان يىغلايدۇ ھەسرەتتە ئوتلۇق ئاھۇ - زارىمغا.
ماڭا نەچارە ئەزەلدە پۇتۇلگەن قىسمىتىم شۇكۇن،
دەرىخ قويمىدى ھىجرى ئوتى ئوز ئىختىيارىمغا.

ئۇ « مارجان بۇلاق » نىڭ بويىغا كىلىپ ، خەتنى دوپپىسىغا سېلىپ ، قىزىل ياغ- لىق بىلەن تېڭىپ ، دەرەخنىڭ شېخىغا ئىسىپ قويۇپ پىسغان باشلىدى ۋە " ئاھ ! ... " دىگىنىچە ئوزىنى سۇغا تاشلىدى .

بۇ پاجىئەدىن ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلىدى . تاغ - دەريالار كوزىنى ياش- لىدى...

قېنى ساقى ، قۇي خۇشبۇي شارابنى،
ئىچەيكىم، بىر يولى ئۇنتۇي ئازابنى.

ئۇزۇلدى بىر غۇنچە ھايات باغىدىن،
ۋۇجۇدۇم بۇ كوكتۇر بۇ دەرت تاغىدىن.

ئايا چەرخ ، ئىنسانغا شۇمۇ قىسمىتىڭ،
سېنى ئارزۇلاشقا نىمە قىممىتىڭ؟

چىقىپ كويىقاپتىن قۇدرەتلىك بوران،
بۇ نامەرت جاھاننى گۇمران ئەيلىبان؛

ئالسۇن ئابلىمىت خوشال بىر نەپەس، ئۇزات ساقى يەنە بىر پىيالە مەي،
بۇندىكىسىز ئۇندىكىغا جاھان بىر قەپەس. ئۇزاتقىن، تىمىز ماي قېيىنىپ بىر ئىچەي.

بۇ پاجىئە ئانىسىنىڭ قۇلىغىغا يەتتى . دەرت - ئەلەم لەشكىرى ۋۇجۇدىغا سالجىلىپ ، يۈرىگىنى ئۆرتىۋەتتى . ئۇ "ئاھ!..." دىگىنىچە ھۇشىدىن كەتتى . بىر كېچە ، بىر كۈندۈزدىن كېيىن ھۇشىغا كېلىپ ، «مارجان بۇلاق» نىڭ بويىغا چىقىپ ، قوۋمى - قېرىنداشلىرىنىڭ سەۋرى تىلىشىگە قارىماي ، چاچلىرىنى يۇلۇپ ، يۈزلىرىنى تىتىپ، ياقىلىرىنى يىرتىپ ، قارا تون كىيىپ ، بېلىگە ئاق باغلاپ ، نوغۇچ تۇتۇپ يىغا دەرياسىغا چوكتى . دەردۇ - ئەلەمى ئاسمان - پەلەككە يەتتى. ئانىلىق مېھرىنى بايان ئەيلەپ شىدرىن زابانىدىن بۇ نەزمىنى توكتى:



يۈرەك باغرىم قانغا تولدى، بالام سەندىن
ئايرىلىپ،
سىنەلىرىم پارە بولدى، بالام سەندىن
ئايرىلىپ،
رۇشەن كوزۇم كورمەس بولدى ، بالام
سەندىن ئايرىلىپ،
ئانار يۈزۇم سەبدەي بولدى، بالام سەندىن ئايرىلىپ،
ھىچ ماجالىم قالمىدى يەي، بالام سەندىن
ئايرىلىپ .

ئاسمان توكتى ماتەم يېشىن، بالام سەندىن ئايرىلىپ،
ئېگىز تاغلار ئەگدى بېشىن، بالام سەندىن ئايرىلىپ،
ھازا تۇتتى يىراق - يېقىن، بالام سەندىن ئايرىلىپ،
سىماپ ئەتتى ساينىڭ تېشىن ، بالام سەندىن ئايرىلىپ،
كوز ياشلىرىم بولدى ئېقىن ، بالام سەندىن ئايرىلىپ.
كەتتى قولدىن راھەت - ئارام ، بالام سەندىن ئايرىلىپ،
ئاشتى مېنىڭ كوڭۇل يارام ، بالام سەندىن ئايرىلىپ،
يىگەن ئېشىم بولدى ھارام ، بالام سەندىن ئايرىلىپ،
لەھەت بولدى ئۆي - باش پانام، بالام سەندىن ئايرىلىپ،
ياشار ئۇمرۇم بولدى تامام ، بالام سەندىن ئايرىلىپ...

شۇندىن ئېتىۋارەن قەمبەرنىسانىڭ دەرت- پىراقىدا سەۋدايى بولۇپ قالغان ھەمراخاننىڭ يۇرتمۇ - يۇرت سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ ئوقىغان قوشاقلىرى ...

ئۇنىڭ ھەسسۇلتان مازىرىدا ئېيتقان قوشىغى:

قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا،
جېنىم بالام قەمبەرنىسا؛
ئېچىلمىغان غۇنچە ئىدىڭ،
بولدۇڭ خازان قەمبەرنىسا.

قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا،
ئۆكلۇق قىزىم قەمبەرنىسا؛
بوينۇمدىكى ئۈنچە ئىدىڭ،
كەتتىڭ قايان قەمبەرنىسا؟

قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا،
ئاسماندىكى ئايىم ئىدىڭ،
يۇمران ـ نوۋەي تالىم ئىدىڭ،
قانداق چىدارمەن قەمبەرنىسا!؟

ئايدىن چىرايلىق قەمبەرنىسا،
كۈندىن چىرايلىق قەمبەرنىسا،
گۈلدىن پۇراغلىق قەمبەرنىسا،
زەپ داغدا قويدۇڭ قەمبەرنىسا...

قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا،
چەيلەپ گۈلۈڭنى مانسۇر قاۋان،
توستى يولۇڭنى بۇ تار زامان،
بەردىڭ شۇڭاجان قەمبەرنىسا.

قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا،
دەردىڭدە بولدى رەڭگىم سامان،
شامۇ ـ سەھەرلەر چەكتىم پىغان،
ئۆتتۈڭ يامان قەمبەرنىسا.

مەددەت قىلىڭ ھەسۇلتۇنۇم،
مۇڭ-زارغا تولدى خوشال كۈنۈم،
بۇنداق يۈرۈپ ياشىغىچە،
ياخشى ئەمەسمۇ ئۆلگۈنۈم؟!

ئۆزىنىڭ مەرىپەت ئوچىغى ئۆڭ ئىرىقتا ئېيتقان قوشىغى:

قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا،
بىزلەرگە باقماس ئىكەن جاھان،
يوللاردا قاپقان، تىكەن، چايان،
دىل بولدى زەرداپ قەمبەرنىسا.

بۈگۈن ئاينىڭ ئون يەتتىسى،
قەمبەرنىسانىڭ يوق دادىسى،
يوق ئاكىسى، يوق ئاچىسى...
مەندىن بولەك ھىچ نىمىسى...

ئانا دىدىڭمۇ قەمبەرنىسا؟
دادا دىدىڭمۇ قەمبەرنىسا؟
سۇغا چوكۈپ، لايغا پېتىپ،
خەير ـ خوش! دىدىڭمۇ قەمبەرنىسا؟

ئانام ئىدىڭ قەمبەرنىسا،
دادام ئىدىڭ قەمبەرنىسا،
دوستۇم ئىدىڭ قەمبەرنىسا،
قانداق قىلامەن قەمبەرنىسا؟

كېيىنكى چاغلاردا ئاتۇش دىيارىدا: ئۆزىنىڭ پايانسىز كوكىدە، قىران دەرياسىنىڭ دولقۇنىدا «ئۈستۈنئاتاغ» نىڭ چوققىسىدا، «خۇماتاغ» نىڭ ئىتىكى ۋە قاپتاللىرىدا ـ ھەممە يەرلەردە ھەمراخانىنىڭ مۇڭلۇق قوشىغى گويا بىر ئىسيانكار تەشۋىقاتچى بولۇپ قالدى...

چاقماق چېقىپ چىقسۇن بوران،
يامغۇر يېغىپ كەلسۇن توپان.
بۇ تار زامان گۇمران بولۇپ،
شات كۈلكىگە تولسۇن جاھان،
شات كۈلكىگە تولسۇن جاھان!...

مۇئەللىپ كوتاپىكرى ۋە چولتا قەلىمى بىلەن بۇ داستاننى يېزىپ قالدۇردى. ئاخىرىدا يەنە بىر تامچە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، مۇنۇ نەزمە بىلەن داستاننى ئاخىرلاشتۇردۇ.

ئەزەلدىن ۋىژدانسىز نامەردلەر ھىلىلەر ئىشلەپ،
ۋىژدان ئەھلىنى بوزەك قىلماقنى ئىستەيدۇ.
ۋە لېكىن، بويەگىلمەس كوڭلى قارا گۇمراھلار،
قىساس بازغىنىدا يەنجىلىدۇ، يەر چىشلەيدۇ.

(رەسىملەرنى ئەبەيدۇللا مەمەت سىزغان)

## پەن ئىشقىدا

ئابدۇرۇپ ئەلى

پەن ساماسىدا گويا سۇمرۇغ بولۇپ قاقتىم قانات،
پارتىيەم قىلغاچ ئاتا ھورلۇك، بەخت ، جۇشقۇن ھايات.

كەلگىنىمدە مەن بىلىم يۇرتىغا مەنزىللەر كېزىپ،
بولدى بۇندا پەن - بىلىمدىن باشقا نەرسە ماڭا يات.

بەيگىگە چۈشكەن ئىكەن ھەممە ئىلىم - پەن يولىدا،
مەنمۇ ماڭماقتا شۇ يولدا دىل قارارىمدۇر پولات.

گەر بۇ يولدا بولسىمۇ ئەگرى - توقاي تىك يار - داۋان،
ھالقىپ ئۆتمەككە ئۇنىڭدىن چاپتۇرۇپ مەن سالدىم ئات.

ئىلمۇ - پەن ئوكيانلىرىنىڭ تەكتىدە كوپتۇر سەدەپ،
ھەر دەمى سۈزمەك ئۈنى ئەھدىم مېنىڭ قىپ ئىجتاھات.

ئىزدىنىپ كەزسەڭ جاھاننى يوق بىلىمدەك ھور نىگار،
ئەمدى شۇ گۈلدەك جاناندىن ئۆزگە يارغا پەندىيات.

باغلىدىم قەلبىم - دىلىمدىن ئىشتىياقىمنى ئاڭا،
بەردى ئۇ ئىرپان سۆيى تەنگە جاسارەت قاتمۇ - قات.

تەر توكۈپ مېھنەت بىلەن مەن ئىشلىسەم ئومرۇم بويى،
ھېچ كوكۈل ئارمانى يوق گۈللەنسە ئەل، بولسا ئاۋات.

## بىلىم ئىشقىدا

مەمتىمىن ئەخەت

ئۆچۈملاپ بىلىمنىڭ بۇلاقلىرىدىن،
يۈرۈگىم قانماستىن ئىچىمەن كەۋسەر،

دىلىمدا ھوزۇرى، لەۋدە شەرۋىتى،
جۇش ئۇرار قەلبىمدە غەيرەت شۇ قەدەر.

سالىمەن مەرىپەت ئوكيانلىرىغا،
بىلىمنىڭ ئىشتىدا ئۇچقۇر قولۋاقنى.
قوچىمەن شان - زەپەر ئەل بىلەن بىللە،
چىڭ تۇتۇپ جەڭگىۋار قىزىل بايراقنى.

## سىنى كۈتۈپ تۇرامدۇ؟

(ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە مۇخەممەس)

نىياز ئىمىن

ئايا دوستۇم، ئەمدى سەن ئويغانمىساڭ بولامدۇ؟
ئىلىم - پەننىڭ جىڭگە ئات سالمىساڭ بولامدۇ؟
داۋان ئاشماق قىيىن دەپ، باش قاشلىساڭ بولامدۇ؟
دەۋر ئالغا يۈكسەلدى، يانداشمىساڭ بولامدۇ؟
ئىلگىرلەشتىن ئەيمىنىپ، يانپاشلىساڭ بولامدۇ؟

بىر چاغ يەرگە ئۇرۇلدى، ئىلىم - پەننىڭ قىممىتى،
ئىلىم - ئىرپان ئەھلىنىڭ ھېچ بولمىدى ئىززىتى،
كەتتى ئۇ كۈن، ئۇرلىدى ئەلنىڭ بۈگۈن جۈرئىتى،
تەسەۋۋۇرغا سىغمايدۇ، كەشپىياتنىڭ سۈرئىتى،
تەلىيىمنى سىناي دەپ چەك تاشلىساڭ بولامدۇ؟

يېتەلمەيسەن مەنزىلگە، تىز باسمىساڭ قەدەمنى،
لاچىن بولۇپ ئۇچۇپ بار، كورەي دىسەڭ سەنەمنى،
شەرەپ بىلەن ئاقلىغىن، ئەلگە بەرگەن قەسەمنى،
ئايدىن يوتكەپ قەدەمنى، مارسقا تىكلەپ ئەلەمنى،
سەن ئۆزەڭگە مۇناسىپ يول ئاچمىساڭ بولامدۇ؟

يارىتىلغاچ كەڭ ئىمكان، نۇر چېچىلدى يولۇڭغا،
بىخۇتلۇقتا كوز يۇمۇپ، بىرىپ ياتما بۇلۇڭغا،

ئەل قەھرىگە دۇچ كەلسەك كىلەلمەيسەن ھۇشۇڭغا ،
قەلەم ئالماي قولۇڭغا، قوشۇلماستىن قوشۇنغا،
ئىجاتكارلار ئىشىغا كوز تاشلىساڭ بولامدۇ؟

ئۆرغۈپ خەلقىم غەيرىتى، مەنزىللەرگە ئات سالدى،
غەلىبە زەپەر بايرىغى ئوتكەللەرگە قادالدى،
قانچە مەرتلەر كۆرەشتە باتۇر ئوغلان ئاتالدى،
پەن - تېخنىكا شۇنچە تېز، يۈكسەك پەللىگە ماڭدى،
ئىلھام ئېلىپ ئۇنىڭدىن، سوز ئاچمىساڭ بولامدۇ؟

ئايان بولدى كۆرەشتە، ئەتىمىزنىڭ بەلگۈسى،
كوكنى قۇچتى خەلقىمىزنىڭ خوشاللىغى-كۈلكىسى.
ۋەتىنىمدە تەڭداشسىز كاتتا بىر توي بولغۇسى،
پات يېقىندا ئۈزگۈسى، كوكتە ئالەم كېمىسى،
شۇنچە پارلاق كەلگۈسى، قىر ئاشمىساڭ بولامدۇ؟

جەڭ - كۆرەشنى سۈيمەستىن، ئاسانلىقنى ئىزدىسەڭ،
ئاز ئۇتۇققا مەس بولۇپ، ئوز - ئوزۈڭنى بەزلىسەڭ،
دېڭىزىدىن ئىلىمنىڭ ئۈنچە،گوھەر سۈزمىسەڭ،
ئوقۇمىساڭ، بىلمىسەڭ، ئىجات قىلىپ يۈرمىسەڭ،
تەرەققىيات يول بېرىپ، سىنى كۈتۈپ تۇرامدۇ؟

ئەزەلدىنلا يار ئىدۇق بىزجەڭگىۋارلىق خىسلەتكە،
ۋارىس بولغىن ئۇنىڭغا بويۇن ئەگمە ئىللەتكە،
ئىلىم ئوقۇپ ئىرىشكىن، ئەل ئالدىدا ھورمەتكە،
تولۇپ تاشقان غەيرەتتە، مەنمۇ كەلدىم بۇ سەپكە،
ئوتۇش ئۈچۈن ئوتكەلدىن، جەڭ ئاچمىسام بولامدۇ؟

كەل ماڭايلى، سەپ ئارا كوزلەپ نىشان-تىلەكنى،
توتلىشىشنى مەدھىيلەپ، چالايلى شوخغىجەكنى،
جاھان كورسۇن ھەيۋەتلىك بۇ قىزىغان كورەكنى،
قايتا تۈزدۇم بىلەكنى، تىڭشا قىزغىن يۈرەكنى،
يۈرۈگۈمنىڭ رىتىمى مىسرادىن كەم تۇرامدۇ؟

# شېئىرلار

ئۆمەر ئىسمايىل

## ناشپىكەرگە ئېغىز تەككەندە

قوغۇنلىقتا كىرىپ توختىكام،
چونەكلەرنى چىقتى ئارىلاپ.
تاللاپ پىشقان بىر ناشپىكەرنى،
ساپىغىدىن ئۈزدى ئاۋايلاپ.

ئۇنىڭ ئەنبەر كەبى پۇرىغى،
تاراپ ھەريان مەس قىلدى دىلنى.
ئېغىز تەگدى شىرىنلىگىدىن،
بولدى گويا يارغاندەك تىلنى.

ئۆز ئەجرىنىڭ شىرىن مىۋىسى،
توختىكامنى قىلدى شادىمان.
ھوزۇرلانغاچ شۇ ئان قەلبىدە،
چېھرىسىدە كۈلكە نامايان.

كورۇپ بۇنى دىدىم ئۆزۈمگە:
تالاي شېئىر يازدىم ئۇخلىماي.
ئەجەپ تەمىسىز چىقتى بەزىسى،
ناشپىكەرگە قىلىچە ئوخشىماي.

ئۆمىدىم شۇ، ئىجادىم كاشكى،
ناشپىكەردەك چىقسا گەر تاتلىق.
سۆيۈنسە ئەل بولۇپ چىن رازى،
قاپلار ئىدى قەلبىمنى شاتلىق.

## سەندەك قىزنىڭ ئاشىقى بولسام

ئەي گۇڭشىنىڭ ئوت يۈرەك قىزى،
داڭلايدىكەن سېنى خالايىق.
قايىل بولدۇم كورۇپ ئىشىڭنى،
توھپەڭ ئىكەن ماختاشقا لايىق.

تاڭ سەھەردە ئېتىزلىقتا سەن،
كەتمىنىڭدىن تەۋرەيدۇ زىمىن.
ئاشۇرۇپسەن پىلاندىن ھەر چاغ،
دىدىم ساڭا: ئاپىرىن - تەھسىن.

باسقان ئىزىڭ تولۇپتۇ گۈلگە،
تامچىلىغان ئالتۇن تېرىڭدىن.
بۇلبۇل ئەگىپ كىتەلمەيدىكەن،
شۇڭا ئۈچۈن گۈلشەن بېغىڭدىن.

ئوت تۇتاشتى يۈرەك باغرىمغا،
چولپان كەبى كوزۈڭگە باقسام.
بولار ئىدى مىرادىم ھاسىل،
سەن ئىشچان قىزنىڭ ئاشىقى بولسام.

## بىر جان ۋە بىر تەن

ئايرىلسا گەر جىسىمدىن ئادەم،
ھايالسىزلا كىرەر لەھەتكە.
تەن بولمىسا ئادەم ئۆزىمۇ،
بولالمايدۇ مەۋجۇت ئەبەتكە،

دىمەك بىزدە بارچە مىللەتلەر،
ئەزەلدىنلا بىرجان ۋە بىر تەن.
تومۇرلاردەك چىرمىشىپ كەتكەن،
دىل رىشتىمىز بىر - بىرى بىلەن.

شۇڭا ئەشۇ بۈيۈك دوستلۇقنى،
قەدىرلەيمىز يۈرەك قېتىدىن.
يىلتىزىدىن تاشلايمىز يۇلۇپ،
شۇمبۇيىنى بەخت بېغىدىن.

## قەشقەر ئەنجۈرى قەندەك

پىشىپ ۋايىغا يەتكەن،
شىرىنلىكتە داڭ كەتكەن،
مېۋىلەرنىڭ سۇلتانى،
قەشقەر ئەنجۈرى قەندەك.

شاخىنى ئېگىپ تۇرغان،
بال - شەرۋەت تېمىپ تۇرغان،
داستىخاننىڭ گۈلتاجى،
قەشقەر ئەنجۈرى قەندەك.

يېسىگەنلەر ئەرمانىدا،
يېگەن تولار دەرمانغا،
يۈرەكلەرنىڭ شىپاسى،
قەشقەر ئەنجۈرى قەندەك.

## يايلاقتا

مەختوختى ئەخمەت

كەڭ يايلاقتا بۇلۇتتەك قويلار،
بولالمايسەن تۈگۈتۈپ ساناپ.
كېزەر ئۇندا پادىچى يىگىت،
( چاراڭلايدۇ قولىدا راۋاپ ).

بۇرۇتى خوپ ياراشقان ئۇنىڭ،
كوزلىرىدە ئۇمىت پارلايدۇ.
گاڭ بەستىدىن ئوتلۇق ھارارەت،
چارۋىلارغا تەكشى تارايدۇ.

زەپ تۇنۇش بۇ يىگىت، ئەزەلدىن،
تېنى يايراپ يايلاقتا ئوسكەن.
ۋەتەنگە شان قۇچۇش يولىدا،
قانچە بوران، مۇشكۇلنى بوسكەن.

يېتىشتۈردى ساناقسىز چارۋا،
كەلگۈسىنى تۈتۈپ ئېسىدە.
توھپىسىدىن بۇ چىۋەر يىگىت،
داستان بولدى ئەلنىڭ ئېچىدە.

بۈگۈنمۇ ھەم تۈزۈپ راۋاپنى،
جاراڭلاتتى يېڭى پەدىگە.
كەلدى ئەنە يىراقتىن جانان،
( دەل مۇناسىپ يىگىت قەددىگە ).

مال دوختۇرلۇق سومكىسىن ئاسقان،
بىر قولىدا يوغان تۈگۈنچەك.
( بىلەلمەيسەن ئېچىدىكىنى،
يېمىشمۇ ئۇ ۋە يا قەن - گېزەك؟ )

يىگىت كوزى ئوت ئالدى يېقىپ،
مەجنۇنتالدەك ئەشۇ قامەتكە.
يېتەلمىگەن غېرىپ - سەنەممۇ،
مۇڭداق ۋىسال - ياخشى سائەتكە.

مۇھەببەتنىڭ ئۈيىتىمۇ يە،
( قىزنىڭ كوزى ئوتلاقتا قايدى ).
تۈگۈنچەكنى يېشىپ - ئاۋايلاپ،
يىگىتكە ئۇ داستىخان يايدى.

تامىغىنى قېقىپ شات يىگىت،
نىمەتلەرگە تەككۈزدى ئېغىز.
باشلاشتى ھەم شىرىن سوھبەتنى،
دەرقەم تۇرۇپ چاينىشىپ مېغىز.

— قەدىمىڭىز مۇبارەك...
— ئۇنداق ...،
چارۋىلارنى كورەي دەپ كەلدىم.
— شۇنداقمۇ؟
— راست ...
— بىلىسىڭىز، كوپتىن
ئوتىڭىزدا كويەي دەپ كەلدىم.

قەھ - قەھ ئۇرغان شوخ كۈلكە بىلەن،
زىلزىلىگە كەلدى كەڭ يايلاق.
چۇچىغاندەك ئەشۇ ئاۋازدىن،
سەكرىشەتتى شوخ قوزا - ئوغلاق.

چاقچاق كېرەك ئەمەستى، نىچۈن،
ئۇلار شۇنداق چاقچاق باشلىدى؟
شۇ چاقچاقتا ئۇلۇشۇپ جۇپ دىل،
سىرلىرىنى توكۈپ تاشلىدى.

ھارارەتكە بەرداش بېرەلمەي،
كويۈپ كەتتى دىلدىكى پەردە.
( ئۇلار شۇنداق مەخپى كويۈشكەن،
سىرداشمىغان مۇنداق بىر يەردە )...

يىگىت چالدى ئىشقى راۋاپنى،
قىزمۇ شۇئان باشلىدى ئۇسۇل.
جۇپ يۈرەكنىڭ ئورتاق سوزىنى،
چىمەن يايلاق ئەيلىدى قوبۇل...

كەتتى گۈلقىز سومكىسىن ئېسىپ،
پات - پات قاراپ يىگىتكەشات.
يىگىت قالدى، ناخشىسى قۇچۇپ،
گۈزەل يايلاق - ئوتلاقنى ھايھات:

ناخشا ئېيتىپ مال بېقىپ،
كەڭ يايلاقنى كېزىمەن.
يايلاق مېنىڭ ماكانىم،
مۇندا راھەت سېزىمەن.

بەختى كۈندەك پارلىغان،
ئوغلۇم، دىدى ئەل مېنى.
ھوسۇل ئېلىپ چارۋىدىن،
ياڭرىتىمەن نەغمىنى.

توھپە قوشسام ۋەتەنگە،
سۆيەر مېنى جانانىم.
يەتسەم ۋىسال پەيتىگە،
قالماس دىلدا ئارمانىم.

چارۋىلارنى ئارىلاپ يىگىت،
ئۈز ئەجرىدىن كوڭلى سۆيۈندى.
دىلدا ئۇرغۇپ قوش توي ئۈمىدى،
ئىقبالىدىن چولپان كورۈندى.

# بالىلار ئەدەبىياتى

## بالىلار ناخشىسى

ئىمىنجان كېرىم

ئۇلۇغ جۇڭخۇا ۋەتىنىنىڭ،
قىزىل غۇنچە گۈلى بىز.
نۇر ھاياتتىن نۇر ئېمىپ،
ھوزۇرلاندى دىلىمىز.

يارامىلىق بوپ ئۆسىمىز،
ئانا مەكتەپ قوينىدا.
پەرۋانىدەك كويۇمىز،
ئىلىم - پەننىڭ ئىشقىدا.

ئۆگىنىمىز ئىلىم - پەن،
باغلاپ دىلدىن مۇھەببەت،
مەڭگۈ ئالغا ئورلەيمىز،
توسقۇن يېرىپ تائەبەت.

كومپارتىيە باشلىدى،
يېڭى ئۇزۇن سەپەرگە.
يېتەلەيمىز چوقۇم بىز،
كۆتكەن نىشان - پەللىگە.

## پارتىيىگە مەدھىيە

قەلبىنۇر ياقۇپ

پارتىيىنىڭ شەنىگە،
يازدىم شېئىر دىلىمدىن.
ئاق قەغەزنىڭ ئۈستىگە،
شېكەر توكۇپ تىلىمدىن.

ئازات قىلدىڭ پارتىيە،
بىزنى زۇلۇم - ھەسرەتتىن.
خەلقنىڭ دىلى سۇ ئىچتى،
ئۇلۇغ مېھرى - شەپقەتتىن.

قەد كۆتۈرۈپ پۇرولېتار،
قىلدى ئەلگە پىداجان.
زامانىۋى ساناەت،
چېچەك ئاچتى ھەر زامان.

قاقاس چۆلگە ئۇستۇردى،
ئالتۇن داننى پارتىيەم.
ئازات قىلىپ قۇللۇقتىن،
دېھقانلارنى پارتىيەم.

ئىلىم ئەھلى قوشۇلدى،
ئىشچى - دېھقان سېپىگە.
كىرىپ قۇچتى شەرەپ - شان،
پارتىيەنىڭ سوزىگە.

پارتىيەمىز بولغاچقا،
«توت يالماۋۇز» يوقالدى.
ئەل سەپەرگە ئاتلىنىپ،
غەلىبە سازىنى چالدى.

مەنمۇ ئوقۇپ تىرىشىپ،
«3 تە ياخشى» بولدۇممەن.
شاراپىتى بىلىمنىڭ،
كۈچ - قۇۋۋەتكە تولدۇم مەن.

نىمە ئۈچۈن بىلىمدىن،
تۈزۈپ خۇشبۇي گۈلدەستە؛
پارتىيەگە مەن سۇناي،
سۇنسا ھەممە بەس-بەستە؟

## شان قىلىمەن ئانا ۋەتەننى

پاشاگۈل ئەمەر

ئۈگىنىمەن ئەل- ۋەتەن ئۈچۈن،
قىلىپ يەنە ھەر ۋاقىت ئەجرە.
ئەجادىمدىن ئېچىلدۇرىمەن ،
قاقاسلىقتا پۇراقلىق غۇنچە.

ئانا ۋەتەن ئۇستۇردى مېنى،
ماڭا پۇتمەس مېھرىنى بېرىپ.
يازماقتىمەن يېڭىدىن قوشاق،
قولۇمغا شات قەلەمنى ئېلىپ.

مەن بەختىيار ۋەتەن قىزىمەن،
غۇنچە بولۇپ خۇشخۇي ئېچىلدىم.
ئانا ۋەتەن مېھرى بىلەن،
جەڭگىۋار بىر سەپكە قېتىلدىم.

شات قىلىمەن خەلقىمنى، ئەلنى،
ئەجرىمدىن كەلتۈرۈپ زورشان.
ئەمگىكىمدىن ھوزۇرلانسا ئەل،
كوڭلۇم ئارام تاپىدۇ شۇ ئان.

## كىتاپ

پەرىدە شېرىپ

تۈرىمەن زوق بىلەن كىتاپقا قاراپ،
ۋۇجۇدۇم ئىشقىدا ياندى گۈلخاندەك.
ھەر قۇردىن ئالەمچە كۈچ- قۇۋۋەت ئېلىپ،
يايرايمەن شاتلىقتىن بەزمە قۇرغاندەك.

كىتاپتۇر تۈگىمەس بىلىم غەزىنىسى،
ئاچقۇچى تىرىشچان ئىنسان قولىدا.
ھەر كىشى مەقسەتكە يېتىدۇ جەزمەن،
جان نىسار ئەيلىسە پەننىڭ يولىدا.

ئۇ گويا ئىنساننىڭ ئەقىل چىرىغى،
ئۇ بىلەن يېتىشەر ئالىم ۋە شائىر ...
ئاچىدۇ پەن بىلەن تىلسىم سىرىنى،
ئىنسانلار بولىدۇ ھەر ئىشقا ماھىر.

نۇر دېمەك كىتاپنى (يورۇق بەر گۈچى)،
مەن ئاڭا پەرۋانە دىلدىن ئۆمۈرلۈك.

ۋە ياكى گۈل دېمەك كىتاپنى سەر خىل،
ئىشقىدا بۇلبۇلمەن سايرايمەن ئۈزلۈك.

گەر قۇياش بولمىسا جاھان يورىماس،
ئىلىم - پەن بولمىسا ئىنسانلىنىڭ دىلى.
بىلىمنى يار تۇتماي ياشىسا گەركىم،
نېمە دەر ئۇنىڭغا ئەجدات ۋە نەسلى؟!

شۇنىڭچۈن ئىشقىمنى ئاڭا بېغىشلاپ،
پاك قەلبىم بىلەن چىن ئۇنى سۆيىمەن.
بىر ئۆمۈر پىداقىپ ئۇڭا بارىمنى،
دۇنيادا ئىلىمنى ئەلا بىلىمەن.

## كەپتەر ۋە مەن

ئارزۇگۈل باقى

ئېخ، كەپتىرىم، كەپتىرىم،
پەرۋاز قىلىپ ئۇچىسەن.
ئېگىز ئاسمان قەرىدە،
ساپ ھاۋانى قۇچىسەن.

دەيمەن كوكتە - ئاسماندا،
باردۇر قانداق كارامەت؟
كائىناتنىڭ سىرىنى،
بىلگىم كېلەر داۋامەت.

پەسلەپ ئۇچۇپ كەپتىرىم،
ئوينۇتۇپ شوخ كوزىنى؛
خىيالىمنى بىلگەندەك،
قىلدى ماڭا سوزىنى:

„ئەي تىرىشچان جان دوستۇم،
كائىناتتا سىر تولا.
پەرۋاز قىلىپ ئۇچىمەن،
بۇلۇت يېرىپ مەن شۇڭا.

سەن تىرىشىپ ئوقۇساڭ،
پەيدا بولار قوش قانات.
مەندەك كوككە ئورلىسەڭ،
بوي ئېگىدۇ كائىنات... “

چومۇلدۇمەن شاتلىققا،
ئاڭلاپ كەپتەر سوزىنى.
كىم تىرىشىپ ئوقۇسا،
كوكتە كوزەر ئوزىنى.

مەن تىرىشىپ ئوقۇيمەن،
قاناتلىنىپ بىلىمدىن.
ئايدا گۈلباغ ياسايمەن،
توكۇلگەن قان - تېرىمدىن.

# تېپىشماقلار

سادىق تومۇر

1

لايدىن ياسىلىپ،
ئوتتا پىشاركەن.
قىزىل، كوكمۇ –
ھەر خىل چىقاركەن.
ئۇنىڭ بىلەن خەق،
سالار ئىمارەت،
ۋەتەن قۇرۇشتا،
كورسىتەر خىزمەت.
بۇ نىمە؟

2

كوتىرىلۋالغان يوكى،
ئوتتۇرىدا تۇرىدۇ.
مۇئامىلە قىلغاندا،
ئادىل روھتا بولىدۇ.
ھەرگىز راۋا كورمەيدۇ،
يان بىسىشنى يوكىگە.
ئادىل ئىشنى قىلغاچقا،
يېقىپ كەتكەن ھەممىگە.
بۇ نىمە؟

3

نام – ئىسمى ئىنىق،
پاكار بىر كىشى.
گوۋاچى بولۇش،
ئۇنىڭ خاس ئىشى.
بۇ نىمە؟

4

كىچىككىنە بىر سۇرەت،
ئەتراپلىرى چىلتەكلىك.
ھەر خىل رەڭلەر بىرىلگەن،
كورۇنىدۇ زىنىنەتلىك.
ئامانەتنى يەتكۈزۈپ،
يەرىجاھاننى كېزىدۇ،
بولمىسىمۇ قانىتى،
يىراقلارغا كېتىدۇ.
بۇ نىمە؟

5

ماڭا ئوخشايدۇ،
مەندەك چوڭ ئەمەس.
ئاغزى بولسىمۇ،
ھەرگىز سوزلىمەس.
جوزا ئۈستىگە،
قويغىلى بولار.
تام بېشىغىمۇ،
ئېسىپ قويىلار.
بۇ نىمە؟

6

چىرايلىق بىر گۈل ئىكەن،
باغدا ئوستۇرۇلمىگەن.
ئېچىلىدۇ ھەر قاچان،
ھەممە ئۇنى ماختىغان.
بۇ نىمە؟

7

مۇرە بويىۇنى بويلاپ،
ئەپلىك قىلىپ ئورالغان،
ئىنقىلاۋىي قۇربانلار،
قانلىرىغا بويالغان.
بۇ نىمە؟

# ئۈكام

(ھىكايە)

لۇشۇن: خۇا

بىر سايە باشتىن ـ ئاخىر ماڭا ھەمرا
بولۇپ زادىلا يادىمدىن چىقمايدۇ . بۇ ـ
مېنىڭ سۆيۈملۈك ئۈكام ئىدى .

ئۈكام كىچىكىدىنلا ئەمگەك سۆيەتتى .
شۇ سەۋەپتىن دادام بىلەن ئانام ئۇنى دا-
يىم ماختاپ تۇراتتى . مەن بۇنى ئاڭلى-
غاندا گەرچە كوڭلۇم يېرىم بولسىمۇ ، ئۇ ـ
كامغا قايىل بولماي تۇرالمايتتىم . ئۇ
ھەقىقەتەن ماڭا قارىغاندا تىرىشچان ئى-
دى .

بۇ 12 ـ 13 يىلدىن بۇرۇنقى ئىش ئىدى،
بىز پۈتۈن ئائىلە قوشۇنىغا ئەگىشىپ دا-
دام بىلەن بىرلىكتە بوخەي دېڭىزى قول-
تۇغىدىكى بىر كىچىك ئارالغا جايلاشتۇق.
دادام كىچىكىدىن تارتىپ نۇرغۇنلىغان
جاپا ـ مۇشەققەتنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنـ
لىگىدىن بىزگە قويغان تەلەپمۇ ناھايىتى
قاتتىق ئىدى . بولۇپمۇ ئەمگەكتىن ۋە
ئەمگەكچىلەردىن ئايرىلماسلىغىمىزنى تە-
كىتلەپ تۇراتتى . دايىم بىزنى باشقاھەر-
بى كادىرلارنىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن بىر-
لىكتە تاققا چىقىپ ئوت ۋە شاخار تىرىش-
كە ئەۋەتەتتى . ئۈكام مەندىن 2 ياش كى-
چىك بولسىمۇ ، لېكىن ماڭا قارىغاندا دا-
ئىم كوپ تىرىپ تۇراتتى .

بەزى ۋاقتىدا مەن ئويۇنغا بېرىلىپكې-
تىپ ئاز تىرىپ ئۈكامنى گوللاپ « ئۇق
قەغەز بېرىمەن » دەپ ئۇنىڭدىن بىر قى-
سىم ئوتىنى ماڭا بولۇپ بېرىشنى تەلەپ
قىلاتتىم . ئۈكام بىلەن مېنىڭ مۇناسىۋى-
تىم ناھايىتى ياخشى ئىدى . ئۈكام دايىم
مېنىڭ تەلىۋىمنى قاندۇراتتى ، لېكىن بىر
قېتىم باۋاڭ تېغىنىڭ باغرىدا ئوت تەر ـ
گەن ۋاقتىدا مەن پەقەت بىللە كەلگەن
ئادىشىم بىلەن تاغ چوققىسىدىكى پوتەي
ئىچىدە كۆن ئولتۇرغىچە بوك ـ بوك ئوي-
نىغانلىغىمدىن مېنىڭ تاغىرىم قۇرۇق تۇ-
راتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئويگە قايتقاندا
دادامدىن تەنقىت ئىشتىشتىن ناھايىتى
ئەنسىرىدىم . شۇ چاغدا مەن تۇيۇقسىز ئۈ-
كامنىڭ تاغنىڭ باغرىدا ئوت ئېلىۋاتـ
قىنىنى ، يېنىدىكى لىق تولغان تاغاربو-
يىدىن ئېگىز بولۇپ كەتكەنلىگىنى كور-
دۇم . مەن دەرھال خوشال بولۇپ ئۈچقانـ
دەك يۈگرەپ چۈشۈپ ھاسىرىغان ھالدا :
ئۈكام ، ئوتىڭنىڭ يېرىمىنى ماڭا بو-
لۇپ بەرسەڭ قانداق ؟ ـ دېدىم . ئۈكام
قولىدىكى تاماقنى توختۇتۇپ مېنىڭ قۇ-
رۇق تاغىرىمىا قاراپ : « سەن
دائىم ئوينايسەن ، مەن بەرمەي-

مەن، ـ دىدى. مەن ئۇنى ئالداپ: «مەن ساڭا 5 تاختا چوڭ ئاق قەغەز بېرىمەن» ـ دىدىم. ئۇكام: «ئالمايمەن، سەن دائىم ئويناپ مېنىڭ ئوتۇمنى كوللاپ ئېلىۋاتىسەن، ئالدىنقى قېتىم دادام سېنى تەنقىت قىلدىغۇ! ـ دەپ كەسكىن جاۋاپ بەردى.

بۇ قېتىم بەرسەڭ، ئىككىنچى لەپ ئالمايمەن، ـ دىدىم. ئۇكام: «مەن سېنىڭ گېپىڭگە ئىشەنمەيمەن، سەن دائىم بۇدا ـ بۇدا ... دەيسەن» ـ دىدى. مەن ئۇكامنىڭ بەرگىلى ئۇنىمىغان ئەھۋالىنى كوروپ جىلى بولۇپ قورقۇتۇپ: «سەن بەرمىسەڭ ئوتكەن قېتىم ساڭا بەرگەن قەغەزنى ئېلىۋالىمەن»، ـ دىدىم. ئۇكام ئاغزىنى دومسايتىپ جاھىللىق بىلەن: «مەن سەن بىلەن ئوت تىگىشكەن ئەمەسمۇ؟» ـ دىدى. مەن ئۇكامنىڭ ئوتىنى پەقەت كوللاپ ئالالماي، مۇش تۈگۈپ تەھدىت سېلىپ: «سېنى ئۇرىمەن، ئۇرغىنىمنى دادام كورمەيدۇ» ـ دىدىم.

ئۇكام جاھىللىق قىلىپ: «زادى بەرمەيمەن، زادى بەرمەيمەن، زادى بەرمەيمەن... سەن ئادەم ئۇرساڭ دادامغا دەيمەن، مۇئەللىمىڭگە دەيمەن ...» ـ دىدى. مەن ئاچچىغىمغا چىدىيالماي: «ئوبدان، ئەرز قىل» دەپ ئۇكامنىڭ بېشىغا بىر مۇش سالدىم. ئۇكام يىغلاپ كەتتى. مەن بىلەن ئېلىشىپ قولۇمنىڭ دۇمبىسىنى تاتىلاپ قان چىقىرىۋەتتى. مېنىڭ ناھايىتى ئاچچىغىم كەلگەنلىگىدىن قاتتىق بىر نەچچە مۇش سالدىم. مەن تاغنىڭ تىك باغرى ۋە كوز ئالدىمدىكى ئوركەشلەپ تۇرغان دېڭىزغا قاراپ: «سەن قولۇڭنى بوشاتمىساڭ سېنى دېڭىزغا ئىتتىرىۋېتىمەن!» ـ دىدىم، لېكىن ئوزەمنىڭ ئورۇنسىز ئۇرۇشقانلىغىمنى بىلىپ ئاۋال ئۇرۇشنى توختاتتىم. مەن قايتقاندىن كىيىن تىل ئىشتىش خىيالىم بىلەن قۇرۇق تاغرىمنى ئېلىپ ئويى تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.

مەن يەنە تاغچوققىسىدىكى پوتەي يېنىغا كېلىپ تاغنىڭ ئۈستىگە چۈشەي دەپ تۇرغاندا، كەينىمگە قايرىلىپ تاغنىڭ باغرىدىكى ئۇكامغا قارىسام، ئۇكام تېخىچە يىغلاۋاتاتتى. بىر تەرەپتىن يېشىنى ئېرىتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئورنىدىن تۇرۇپ تاغارنى يودگىلى تۇردى. ئۇنىڭ بويى بەك پاكار بولۇپ، تاغار بەك ئېغىر بولغانلىقتىن، تاغارنى تەسلىكتە يۇدۇپ بىر نەچچە قەدەم مېڭىپلا توختاپ قالدى. بۇ ۋاقىتتا بېشىنى كوتۇرۇپ تاغنىڭ چوققىسىغا ياردەم تەلەپ قىلغاندەك قاردى. كۈن ئولتۇردى، دېڭىزنىڭ ئەڭ چېتىدىكى ئوپۇق سىزىغىغا چوكۇپ كەتتى، شۇ تەرەپتىكى ئاسمان ۋە دېڭىزنى قىپقىزىل يورۇتاتتى. مەيىن شامال چىقىشقا باشلىدى. بۇ شامال كۈز پەسلىدىكى سوغۇقراق بېلىق پۇرىقى بار شامال ئىدى. ئۇچامغا ئىتتىرەك ئولۇشۇپ كەتتى. تۇيۇق—

سىز تاتىلاپ قان چىقىرىۋەتكەن قولۇم
لازا سۆركىگەندەك ئېچىشىپ كەتتى . مەن
ئاچچىغىم بىلەن ئۇكامغا قارىماي، ئۆزەم
يالغۇز ئۆيگە كېتەي ، دېگەنتىم ، لېكىن
ئۇكامنىڭ تاغنىڭ باغرىدىكى بىر نەچچە
قۇرۇپ كەتكەن ئاكاتسىيە ئۆستەڭدىكى يال-
غۇز شولىسىنى ، كوز ئالدىمدىكى ئۆركەش-
لەپ تۇرغان كوپ - كوك دېڭىزنى كورۇپ،
دولقۇنلار دېڭىز قىرغىقىغا ئۇرۇپ چىقى-
ۋاتقان ئەشۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، قەدىمىمنى
يوتكىيەلمەي قالدىم . مەن ئاخىرى تاغ-
دىن چۈشۈپ ئىككى كوزۇمنى تىكىپ ئۇكام-
غا قاراپ تۇرۇپ : «مەن ئوتۇكنى ئالماي-
مەن ، ئوتۇكنى يۇدەي» - دېدىم . ئۇكام
گەپ قىلماي كوزىنى ماڭا تىكىپ قارىدى.
كوزىدىن ئەپلىشىش نىيىتى چىقىپ تۇرات-
تى . تاغارنى يۇدۇپ تاغ چوققىسىغا چىق-
تىم. ئۇمېنىڭ قۇرۇق تاغىرىم بىلەن بېلىق
قاپسىغىمنى كوتۇرۇپ كەينىمدىن ماڭ-
دى . بىز تاغ چوققىسىدىن ئوتۇپ تاغ
باغرىدىكى تاش يولغا چىقىپ بولغىچە
گەپلەشمىدۇق . مەن ھېرىپ تاغارنى يەرگە
قويۇپ ئارام ئالدىم . بۇ ۋاقىتتا ئۇكام
ئۇشتۇمتۇت ئىككى كوزىنى پاقىرىتىپ ماڭا
قاراپ دۇدۇقلاپ «... ئاكا ... مەن - مەن
ئوتۇمنىڭ يېرىمىنى ساڭا بېرەي ... -
دېدى . مەن ھاڭ - تاڭ قېلىپ ئۇكامنىڭ
ئوماق يۈزىگە قاراپ، ئۆزەمنىڭ خوشاللى-

غىنى توختىتالماي قالغان ھالدا ئۇكام-
نى قۇچاقلاپ : «ئۇكام ، سەن ھەقىقەتەن
ياخشى ، مۇندىن كېيىن مەن سېنى ھەرگىز-
مۇ كوللىمايمەن ، سېنى ئېكىسپلاتاتسىيە
قىلىپ ئوتۇكنى ئېلىۋالمايمەن» ، - دېدىم.
ئۇكام مېنىڭ قولۇمنى كورسىتىپ تۇرۇپ ،
«ياق ، مەن ياخشى ئەمەس ، مەن سېنىڭ
قولۇڭنى تاتىلىۋالدىم ئاكا ، قولۇڭدىن قان
چىقىپ كەتتى» - دېدى . مەن ئوزەمنىڭ
قولىغا قاراپ قىلچىمۇ ئېچىشمىغانلىقىنى
سەزدىم . مەن : «ياق ، مەن ياخشى ئە-
مەس ، مەن ئاۋال سېنى ئۇردۇم ، مەن مۇن-
دىن كېيىن ھەرگىز سېنى ئۇرمايمەن ، دا-
دامغا ئېيتما» ، - دېدىم . ئۇكام بېشىنى
لىڭشىتتى .

راس دېگەندەك ، بۇ ئىشنى ھېچ قايسى-
مىز دادىمىزغا دېمىدۇق . قايتىپ كەتكەن
قولۇمغا ئىككىمىز بىرلىكتە دوختۇرخانىغا
بېرىپ قىزىل يوت سۈرتتۇق . ئانام سورى-
غاندا ، ئۇكام : «دېڭىز تېشى تىلىۋەتتى» -
دېدى .

.................................

ئۇزۇن ۋاقىتلار ئوتتى ، نۇرغۇنلىغان
ئۇنتۇلماس ئىشلار ئۇنتۇلۇپ قالدى . پە-
قەت مۇشۇ ئىش ۋە سۆيۈملۈك ئۇكامنىڭ
ئوبرازى مېنىڭ يادىمدا ساقلىنىپ قال-
دى......

( لى چىڭگىڭ، ۋاڭفېڭ تەرجىمىسى)


☙☙☙☙☙☙

# ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىن

## ئۇيغۇر پروزىسىدىكى ياش كۈچ

— يازغۇچى ئەخەت تۇردىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

جىاملى



يولداش ئەخەت تۇردى ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق ئىجادىيەت گۈلزارلىقىدا رەڭگا - رەڭ گۈل-چېچەكلەرنى ئېچىلدۇرۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پروزىسى سەھنىسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئىجتىھاتلىق ياش يازغۇچىلارنىڭ بىرى.

يازغۇچى ئەخەت تۇردى 1940 - يىلى 11- ئايدا قەشقەر شەھىرىدىكى بىر ھۈنەرۋەن - كاسىپ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1959 - يىلغىچە قەشقەردىكى باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، 1959 - يىلدىن 1964 يىلىغىچە شىنجاڭ داشۆ -

نىڭ تىل - ئەدەبىيات پاكۇلتىتىدا ئوقۇدى، ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە تەقسىم قىلىندى. ئۇ شۇندىن بۇيان «تارىم» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر، مەسئۇل مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىمەكتە.

يولداش ئەخەت تۇردىنىڭ ئىجادى قىزىقىشى 1957 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلىق چاغلىرىدىن باشلاندى. ئانىسى ئوقۇمۇشلۇق بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىلىم-مەرىپەت توغرىسىدىكى تەربىيىسى ئەخەت تۇردىنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشىدا بەلگۈلۈك تەسىر كۆرسىتىپ تۇرغانلىقىنى ئېيتماسلىقا بولمايدۇ. ئانا سۆيمەي-ئەركىلىتىپ، ئۇنىڭ قىزىق-قىزىق چۆچەك ۋە لەتىپىلەرنى كۆپلەپ ئەيتىپ بېرىشى ئۇنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ جانلىق، ئاممىباپ شەكلى بولغان مەددالارغا بولغان قىزىقىشىنى قوزغاپ، كېچىگەندىلا، ۋايىزلار سۆزلىگەن ھېكايە، جەڭنامىلارنى بېرىلىپ ئاڭلىدى. ئۇلارنىڭ سۆز سەنئىتىگە مەپتۇن بولغان

ئەخەت تۇردى بارا - بارا ھېكايە، رومان ئوقۇشقا كىرىشتى. ئەينى ۋاقىتتا پوشكىن، گوركى، چېخوپ قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشتى. ئاندىن ئۇ، ھەۋەسكار دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆگىنىش كۇرژىكى تەشكىللەپ، دەرستىن كېيىنكى كەچكى ۋاقىتلاردا بىللە كىتاپ كۆرىدىغان ۋە كۆرگەن نەرسىلەرنى تەھلىل قىلىپ ئۆگىنىدىغان بولدى، شۇ ئاساستا، دەسلەپكى ئەدەبىي مەشقىنى باشلىدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدا يازغان «چىن دوستلۇق»، «سىنالمىغان يىگىت»، «داغدا قالغان قىز» قاتارلىق مەشق ھېكايىلىرىنىڭ بەزىسى مەكتەپ ژورنىلىدا ئېلان قىلىندى، بەزىسى كەچكى كۆڭۈل ئېچىش يىغىنلىرىدا ئوقۇلدى. ئەخەت تۇردىنىڭ ئائىلىسى بىلەن ئۇرۇق - تۇققانلىرىنىڭ بىر قولى شەھەردە، بىر قولى يېزىدا بولغاچقا، ئۇ بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن يېزىدىكى دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا قويۇق ئارىلاشتى. بۇ ھال ئۇنىڭ يېزا تۇرمۇشىنى ئۆگىنىشى، دېھقانلارنى چۈشىنىشىدە بەلگىلۈك ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ 1958 - يىلى، «گۈرۈچ» ناملىق ھېكايىنى يازدى. ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ تۇنجى مېۋىسى بولغان بۇ ھېكايە شۇ يىللىق «تارىم» ژورنىلىدا ئېلان قىلىنىپ، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن «ھاياتنىڭ باشلىنىشى»، «دەشتكە باھار كەلدى»، «بىزنىڭ ئەۋلات»، «كۈرەش داۋام قىلىدۇ»، «ئازات زامانىمىدىن ئايلىناي» قاتارلىق ھېكايىلارنى يېزىپ، «تارىم» ژورنىلىدا ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ ھېكايىلىرىنىڭ بەزىلىرى يەرلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى تەرىپىدىن سەھنىلەشتۈرۈلۈپ ئوينالدى، بەزىلىرى رادىيو دىرامىسى قىلىپ ئاڭلىتىلدى. «كۈرەش داۋام قىلىدۇ»، «بىزنىڭ ئەۋلات» ناملىق ھېكايىلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، شىنجاڭدا چىقىدىغان «تىيانشان» ناملىق ئەدەبىي ژورنالدا ئېلان قىلىندى.

يولداش ئەخەت تۇردىنىڭ ئىجادىيىتى يۈكسىلىۋاتقان بىر پەيتتە، "مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى" باشلىنىپ، ئۇنىڭ كاساپىتىدىن ئاپتورنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى بىر مەھەل ئۈزۈلۈپ قالدى. "4 كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، باشقا ساھەدىكىگە ئوخشاش، ئەدەبىيات - سەنئەتتىمۇ يېڭى باھارى يېتىپ كەلدى. بۇ يېڭى باھار يولداش ئەخەت تۇردىنى يەنە ئويغاتتى. ئۇ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئۇنى نەچچە يىللىق تەربىيىسى ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ھېس قىلىپ، قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئىجادىيىتىنى قايتىدىن باشلىدى. 1974 - يىلى يولداش ئەخەت تۇردىنىڭ «يالقۇنلۇق ياشلىق» ھېكايىسى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىن «ئالتۇن ۋادىغا كۆمۈش يول»، «ئۈزۈلمەس كارۋان»، «مەرھابا، باغۋەن»، «يۈرەكتىن يۈرەككە يول»، «مەھبۇس قىزى» قاتارلىق ھېكايىلىرى گېزىت - ژورناللاردا ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. «گۈلخان»، «غىلغايلىق كىشى»، «5000 كىلومېتىر يىراقلىقتا»، «ئۇ، يولۋاستىن چۈشتى»، «ئەشرەپ بوۋا» قاتارلىق ھېكايىلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ

تولۇقلىنىپ نەشر قىلىندى ھەم بەزىلىرى ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلدى. 1980 - يىلى ئۇنىڭ تۇنجى ھېكايىلار توپلىمى «گۈلخان» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. 1979 - يىلى «گۈلخان» ھېكايىسى دۆلەت بايرىمىنىڭ 30 يىللىقىغا سوۋغا قىلىنغان ئەسەرلەر قاتارىدا 2 - دەرىجىلىك، 1981 - يىلى «ھاياتنىڭ باشلىنىشى» ھېكايىسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ 31 يىللىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى قاتارىدا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

يولداش ئەخەت تۇردى 1976 - يىلدىن 1977 - يىلغىچە بولغان بىر يىللىق لۇشيەن تەربىيىسىگە قاتنىشىش جەريانىدا تۇرمۇشقا چوكۇش، تۇرمۇش ئۆگىنىش ئارقىلىق توپلىغان مول ماتېرىياللارغا ئاساسەن، 1980 - يىلى «قىيانلىق دەريا» ناملىق 10 باپلىق پوۋېستنى يازدى. بۇ پوۋېست 1981 - يىلى 3 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشرگە بېرىلدى. ئۇ يەنە بۇ يىل 3 - ئايدا يېڭى ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكى يېڭى ھاياتنى ئەكس ئەتتۈرگەن «چاقماقلىق يوللار» ناملىق پوۋېستنى يېزىپ تۈگەتتى.

يولداش ئەخەت تۇردى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن بىر ۋاقىتتا بەلگىلۈك دەرىجىدە ئەدەبىي تەرجىمە بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ بەزىبىر يېتەكچى خاراكتېرلىك ئەدەبىي - نەزەرىيىۋى تەرجىمە ماقالىلىرى «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژورنىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك توپلاملاردا ئېلان قىلىندى.

يولداش ئەخەت تۇردى يۇقىرىقىدەك ئىجادىيەت ئۇتۇقلىرىغا ئاساسەن، 1979 - يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىگە ئەزا بولدى. 1980 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشتى.

يولداش ئەخەت تۇردى يازغۇچى بولۇپلا قالماستىن، يەنە تەلەپچان ئەدەبىي مۇھەررىردۇر. ئۇ «تارىم» ژورنىلىدا ئىشلىگەن 10 نەچچە يىلدىن بۇيان، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان قىممەتلىك، جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق كەڭ ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىگە كۆپلەپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشتا ئاكتىپ كۈچ چىقاردى. ئۇ 1978 - يىلدىن 1981 - يىلغىچە تىرىشىپ ئىشلەش ئارقىلىق ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ «توھپە»، «ھېكايىلار»، «ساما» ناملىق كوللېكتىپ توپلاملىرىنى، چەتئەل يازغۇچىلىرىنىڭ «قەسەم» ناملىق تاللانغان ھېكايىلار توپلىمىنى تۈزدى. بۇ توپلاملار بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى تەرىپىدىن ئايرىم - ئايرىم نەشرگە بېرىلدى.

يولداش ئەخەت تۇردى ھازىر 4 ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى رىياللىققا، سوتسىيالىستىك 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۈزلەندۈرۈپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن يېڭى - يېڭى ئىجادىيەتلەر ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدەنمەكتە. ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى چوقۇم مول ۋە شېرىن مېۋە بەرگۈسى.

# قىيانلىق دەريا

( شۇ ناملىق پوۋېستتىن پارچە )

ئەخەت تۇردى

«قىيانلىق دەريا» ناملىق بۇ پوۋېستتا 1975 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا يۈز بەرگەن رېيال ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن.

داۋۇي پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىسى توختى چاۋار باشچىلىقىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى روھىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا كەڭ گۆكشىي ئەزالىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، لەنگەر داۋۇيىدىكى قۇرغاقچىلىق ئاپىتىنى يېڭىشكە، شۇ ئارقىلىق ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ ، كوللېكتىپنى بېيىتىشقا بەل باغلايدۇ. لېكىن بۇ مۇھىم ئىش "سولچىل" لۇشيەن ۋەكىللىرىنىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كېلىدۇ. ئۇلار خىلمۇ - خىل رەزىل ۋاستىلارنى قوللىنىپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارغا ۋە ئاممىغا دەھشەتلىك زىيانكەشلىك قىلىدۇ. ئەمما بۇ ئېغىر كۈنلەردىمۇ گۆكشىي ئەزالىرىنىڭ پارتىيىگە، گۈزەل كېلەچەككە بولغان يۈكسەك ئىشەنچىسى تەۋرەنمەيدۇ. ئۇلار "سولچىل" لۇشيەن ۋەكىللىرى بىلەن كەسكىن ئېلىشىپ، سۇ قۇرۇلۇشى ۋە ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش ئىشىنى قەتئىي راۋاجلاندۇرىدۇ.

ئەسەردە يەنە ياشلارنىڭ مۇھەببەت ۋە نىكاھ ئەركىنلىكىگە بولغان ئىنتىلىشلىرىگە، فېئوداللىق كونا خۇراپى ئىدىيىلەرگە قارشى كۈرەشلىرىگە مۇناسىپ ئورۇن بېرىلگەن.

ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى قىزىقارلىق ، پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى جانلىق يارىتىلغان؛ تىلى راۋان ، گۈزەل ۋە ئاممىباپ.

— تەھرىردىن

## ئوگەن قىزى ئايخان

### ئۈچىنچى باپ

### I

كاككۇك بىلەن بوزتورغايلار بەزمە قۇرىدىغان قايناق باھار كۈنلىرىمۇ يېتىپ كەلدي . باھار بىلەن تەڭ گۈللەپ ياشنىغان دەل - دەرەخلەرنىڭ سۇمبۇل نوتىلىرى لەنگەرنى يېشىللىققا پۈركىدى ، يول ياقىسىدىكى تېرەكلەر تەڭگە بولۇپ، ئۆستەڭ

بويىدىكى سۆگەتلەر جالا چىقاردى، ئۆگەن دەرياسى شاقىراپ، بۇژغۇنلاپ ئېقىشقا باشلىدى ...

ئىككى تەرىپىگە بونجالىرى بىلەن قاپلانغان تار يولدا بىر قىز كېلىۋاتاتتى، بوزتوغاي، تومۇچۇق، قۇرغۇيلار شاختىن شاخقا ئۇچۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، كىشى بىلمەيدىغان چىرايلىق تىللىرى بىلەن سايرىشاتتى. ئۇلار بەلكىم باھار بىلەن تەڭ ھوسۇنگە تولغان شۇنداق چىرايلىق بىر قىزنىڭ ئۆگەن بويلىرىدا ئۆزلىرى بىلەن بىللە ياشاۋاتقانلىقىدىن ھەۋەسلىنىۋاتامدىكىن!

قىز خۇددى قالغاچ قانىتىدەك بۈدرە چاچلىق بېشىغا تاجى رەڭلىك دۇخاۋىدىن مانپۇ دوپپا كىيىۋالغان ئىدى، باھار ئاپتىۋىدىن قىزارغان مەڭزىدىكى نوقۇتتەك خالى ئۇنىڭ گۈلگۈن چىرايىغا ياراشسا، بەدىنىگە يېپىشىپ تۇرغان جىلىتكىسى بىلەن چەچرەڭ چىت كوينىكى ئىسخىچام بەستى - بويىغا يارىشاتتى ...

پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن قۇشلارنىڭ سايرىشىغا مەپتۇن بولۇپ كېلىۋاتقان قىز ئارقا تەرەپتىن تۇيۇقسىز چىققان قامچا ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتى. ئۇ "ۋىيەي" دەپ بېشىنى سىلكىپ ئارقىغا قارىۋىدى، ئۈستىگە ئوغۇت بېسىلغان فىگىلو ھارۋىدا چىلان ساپلىق قامچىسىنى ئوينۇتۇپ ئولتارغان يىگىتنى كۆرۈپ يۈرىكى ئويناپ كەتتى.

— چۆچۈتىۋەتتىممۇ ئايخان؟ — يىگىت لىككىدە سەكرەپ ھارۋىدىن چۈشتى.

— ئۆزىڭىز بىلەرسىز ... — قىزنىڭ ئۈنىگە ئىككىلەنگەن تال - تال كىرپىكلىك بولاقتەك كۆزلىرىلا ئاستا يەرگە ئاغدى.

ئۇلار بىر پەس جىم بېكىشتى، يىگىت ئىچ ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ - تارتىپ قوياتتى، ئارىدىكى جىمجىتلىقنى ئايخاننىڭ خۇش نەپەس ئاۋازى بۇزدى:

— رۇستەم، سىزنى ئەجەبلا ماختاپ كەتتىغۇ؟

— نەدىن ئاڭلىدىڭىز؟

— رادىيو كانىيىدىن، — دېدى ئايخان قىيغاچ بېقىپ، — باشقىلار تېرىمدىن ① ئۈچ كۈندە ئىككى قېتىم چوگا ② ئېلىپ كەلسە، سىز ئىككى كۈندە ئۈچ قېتىم توشۇۋېتىپسىز، ئۇچۇپ كەتمەك يەنە!

يىگىت قىزغا لاپپىدا قارىدى:

— سىزدەك قانىتىم تۇرسا ئۇچۇپ كەتسەممۇ ئەجەپ ئەمەس!

ئايخاننىڭ ئاق پۈسمىلاق يۈزى گۈرەنلىرىگىچە قىزىرىپ كەتتى.

ئۇلار يول ئايرىشقا كېلىپ توختىدى.

— ئوغۇتنى نەگە توشۇۋاتىسىز؟

— ئەشرەپ تېخنىكنىڭ تەجرىبە ئېتىزىغا؟ — دېدى رۇستەم ۋە ئاستاغىنا سورىدى، — كەچتە چىقامسىز؟

— قورقىمەن ... — ئايخان يۈزىنى بۇراپ يەرگە قارىۋالدى.

— مەندىنمۇ؟

ئايخان سۈزۈك لەۋلىرىنى ھىمىرىپ، رۇستەمنىڭ تەلەپچان كۆزلىرىگە نازلىنىپ قارىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇددى بىر جۈپ جۇلالىق تاشتەك ۋىلىلدايتتى.

— كەچتە يېڭى مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدا كۈتىمەن، گېپىم بار ...

— كەچتە دەرسىم بار ...

① تېرىم - تارىم ۋادىسىنى، دېمەكچى - ئا.

② چوگا - يۇلغۇن چېچەكى بىلەن گۈنىنىڭ تۈپىگە ئايلانغان قۇرۇق شاخلىرى.

— دەرستىن كېيىن بېرىڭ ...

ئايخان ۋىلىققىدا كۈلۈپ قويۇپ، هارۋىدىن يىراقلاشتى، رۇستەم ئاتقا قامچا سالدى.

× × ×

تورغاي چۇچۇلىماستا تەجرىبە ئېتىزىغا چىقىۋالغان ئەشرەپ بوۋا چۈشتىمۇ ئۆيىگە قايتماي ئىشلىدى. هاۋا خېلى ئىسسىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۈستىگە مەللەرەڭ چەكمەندىن ئۇزۇن نىمكەش چاپان كىيىپ، بېلىگە كاشا باغلىۋالغان ئىدى، جىيەكلىرى مايلىشىپ كەتكەن قارا دوخاۋا دوپپىسى ئاستىدىن دىردىيىپ چىقىپ تۇرغان ئاپپاق چاچلىرى قۇياش نۇرىدا كۈمۈشتەك پاقىرايتتى، ئۇ قولىنى چېكىسىگە سايىۋەن قىلىپ، ئېتىزنىڭ ئۇ بېشىغا ئۇزاق قارىدى ۋە شۇ يەردە ئىشلەۋاتقانلارغا ئارقا - ئارقىدىن جېكىلىدى:

— ياڭاقچىلىك چالما قالمىسۇن بالىلىرىم؛ يەر دىگەن ئىشلىگەننى كوتىرىدۇ، هوي، هەسەن ئالدىڭدىكى توپىنى پۇتۇڭغا تارت، هە، يەنە تارت... ئېگىز - پەس يەردىن سۇ ياماناليدۇ، ئوغلۇم! ...

بوۋاينىڭ سوزىنى ئۈزۈپ ئاتلاپ قىرىبېشىغا چىققان توختى شۇجى بولدى:

— تاغا، بۇ يەرگە نىمە پىلانلاۋاتىسەن؟

ئەشرەپ بوۋاي قىر تەرەپكە ماڭدى:

— نىمە بولاتتى شۇجى، يەنە شۇ ئۇزۇن تالالىق پاختا - دە!

توختى شۇجى بىر ئىشنى ئەسلەپ چاقچاق قىلدى:

— بۇ پاختىدىن بىر سىۋەتنى خام يەپمۇ تويمۇدۇڭ...

هەر ئىككىسى تەڭلا قاقاقلاپ كۈلدى، ئۇلارنىڭ كۈلكىسىدىن ياندىكى ئېتىزدا دانلاۋاتقان بىر توپ قۇچقاچ پۇررىدا ئۇچۇپ كەتتى، ئۇلار بۇ كۈلكىسى بىلەن ئوتكەلدىكى غەلىتى بىر ۋەقەنى كوڭۇللىرىدە ئەسلەپ ئوتتۇشكەن ئىدى.

— بۇ يىل «توتتە بالدۇر» سورتىنى تەجرىبە قىلىپ كورەيلى دەيمەن، - دىدى ئەشرەپ بوۋاي توختى شۇجىنىڭ يېنىغا زوڭزىيىپ.

— «توتتە بالدۇر»؟ - توختى شۇجى ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە قارىدى.

ئەشرەپ بوۋاي بارماقلىرىنى پۈكۈپ تۇرۇپ سوزلىدى:

— بالدۇر پىرىجەك تۇتۇش، بالدۇر گۈل ئېچىش، بالدۇر غوزا تۇتۇش، بالدۇر پىشىش. شۇڭا بۇ سورتنىڭ نامىنىمۇ «توتتە بالدۇر» دەپ ئەزان چىلاپ قويغان.

توختى شۇجى رازىمەنلىك بىلەن ئەشرەپ بوۋاينىڭ ساقاللىق، مەستەك پاقىراپ تۇرىدىغان قاتاڭغۇ يۈزىگە قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە بىر ئاز سۈكۈتتىن كېيىن:

— يېقىندىن تەتقىق قىلىدىغان يەنە بىر ئىش چىقتى تاغا، - دىدى يانچۇغىنى كولاپ.

— نىمە ئىش؟ - ئەشرەپ بوۋاي بىر پۇتىنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ يەكتىز بولۇپ ئولتاردى.

توختى شۇجى قولىدىكى بىر ۋاراق قەغەزگە قاراپ دىدى:

— كېۋەزگە بوغداينى، بوغدايغا پۇرچاقنى، پۇرچاققا بېدىنى كىرىشتۇرۇپ تېرىيدىغان ئىش!

— بۇ يەنە كىمنىڭ چۈشكەن؟! - ئەشرەپ بوۋاي بىر ئاز جىددىيلەشتى.

— بۇ باستى مۇدىرنىڭ يارلىغى تاغا، - توختى شۇجى قولىدىكى قەغەزنى بوۋايغا سۇندى.

ئەشرەپ بوۋاي گۈڭشې پارتكومىنىڭ تامغىسى بېسىلغان سىرتىدا باستمۇدىرنىڭ شەخسى ئىمزاسىمۇ قويۇلغان ئىمىر-چىمىر خەتلەرگە كىرپىك قاقماي كوز تىكتى، ئۇنىڭدا «پالانى داھىيدىكى پۇستانى گۈڭشېنىڭ ئىلغار تەجرىبىسىگە ئاساسەن، بۇ يىل لەنگەر دادۇي ئومۇميۈزلۈك كېرىشتۈرۈپ تېرىش لازىملىغى» ئالاھىدە جىكىلەنگەن ئىدى. ئەشرەپ بوۋاي خەتتىن كوزنى ئېلىپ چوڭقۇر خىيالغا چوكتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ سىمىز بۇلجۇڭلىرىنى بىرسى چىمداپ ئالسىمۇ سەزمەيتتى.

— باستمۇدىرنىڭ يەرلىرىمىزنى «بەقەسەم ئېتىز»غا ئايلاندۇرۇپ، ئوزىنىڭمۇ «بەقەسەم مۇدىر» بولغىسى كەپتۇ دە! — دىدى بوۋاي دەرەخ يىلتىزىدەك يىرىك ئىلكىدە بىر پارچە چالمىنى تالقاندەك ئېزىپ.

بوۋاينىڭ بۇ سوزى توختى شۇجىنىڭ ئېسىغا 1973 — يىلى ئوتكەن دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدىكى چاۋاغ دادۇيدە يۈز بەرگەن بىر ۋەقەنى سالدى: شۇ يىلى چاۋاغ دادۇينىڭ شۇجىسىمۇ پالانى يەرنىڭ تەجرىبىسى دەپ، پۈتۈن دادۇي بويىچە كىرىشتۈرۈپ تېرىشنى يولغا قويغان ئىدى. لېكىن تۇپراق بىلەن كىلىمات مۇۋاپىق كەلمىگەچكە، يىلنىڭ ئاخىرىدا مەھسۇلات بىراقلا تۆۋەنلەپ، ئەزالارنىڭ يىللىق نورمىسىمۇ 253 جىڭغا چۈشۈپ قالغان ئىدى، شۇنىڭ بىلەن دىخانلار بۇ ئاچچىق ساۋاقنى يەكۈنلەپ كىرىشتۈرۈپ تېرىلغان ئېتىزلارنى «بەقەسەم ئېتىز»، شۇجىسىنى بولسا «بەقەسەم شۇجى» دەپ ئاتاشقان ئىدى...

— قارىغۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭسا گوداڭ-غا چۈشىدىغان گەپ توختى، — دىدى بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەن بۇنىڭغا قوشۇلالمايمەن!

— لېكىن قوشۇلمىدىغانلار چىقمىۋاتىدۇ تاغا، — دىدى توختى شۇجىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، — مېنىڭچە، بۇ مەسىلىنى ياچېيكىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا بىر تەرەپ قىلايلى دەيمەن!

— ياخشى ئويلاپسەن، لەنگەر باستمۇدىرنىڭ تەجرىبە ئېتىزى ئەمەس، ئۇنىڭ ئىككى مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسى بىلەن بىر پارتىيە ياچېيكىسى بار!

## II

كەچ كىردى، تىنىق ئاسماندا يۇلتۇزلارنىڭ كۈمۈش غۇنچىسى پاقىراشقا باشلىغاندا، رۇستەم مەھەللىلەرنى ئارىلاپ ئوتۈپ مەكتەپكە كەلدى، ئەتراپى سوقما تاملار بىلەن قورشالغان مەكتەپ سەيناسى بوش ئىدى، سىنىپلاردىن گازۋاي چىراقنىڭ نۇرى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەن ئىدى، يېقىندىن بېرى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار كۈندۈزى ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ياردەملىشىۋاتقانلىقى ئۈچۈن دەرسنى ئاخشىمى ئوتەتتى. رۇستەم پەس ئاۋازدا ناخشا غىڭشىپ، مەكتەپ سەيناسىنى ئايلىنىشقا باشلىدى:

ئايمۇ چۈشتى ئايۋانغا،
كۈنمۇ چۈشتى ئايۋانغا.
كۆيمەن يۈرەگىمدىن،
ئوتكەن قىزى ئايخانغا.
ۋاي دادەي...

ئۇ ناخشىنىڭ ئاخىرىنى سوزۇپ ئېيتتى-دە، جىمىپ قالدى، غۇر-غۇر شامال سەينا ئوتتۇرىسىدىكى گۈللۈكتىن ئەترە بىلەن رەيھاننىڭ خۇشبۇي ھىدىنى دىماق-

قا ئۇرۇپ تۇراتتى، رۇستەم گۈللۈكنى ئەگىپ ئۆتۈپ، چىراق نۇرى قىيپاش چۈشۈپ تۇرغان چەتتىكى دېرىزىنىڭ يېنىغا باردى، گازۋاينىڭ سۈتتەك نۇرىدىن ئاق پۇسسىلاق يۈزلىرى تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتكەن ئايخان دوسكىغا ئالگېبرا مىساللىرىنى يېزىپ دەرس ئۆتىۋاتاتتى، 30 دەك ئوغۇل - قىز ئۆسمۈر ئۇنىڭ چاقماقتەك سۆزلىرىگە مەھلىيا بولۇپ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن يازاتتى، تىڭشايتتى...

رۇستەم ئالدىنقى پارتىدا ئولتۇرغان بىر قىز، بىر ئوغۇلغا قاراپ خىيالغا چۆكتى، بىر چاغلاردا ئۇمۇ مۇشۇ مەكتەپتە ئايخان بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلىغان، ئىمتىھان چاغلىرىدا مەكتەپنىڭ ئارقىسىدىكى باغدا بىرلىكتە دەرس تەكرارلىغان، يەتتىنچى سىنىپنى بىللە تۈگەتكەندىن كېيىن، رۇستەم ئۆزىنىڭ مېھرىۋان ئانىسىدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالغاچقا، يېزىدا قېلىپ ھارۋىكەش بولدى، ئايخان بولسا، ۋىلايەتلىك سەفەندە ئىككى يىل ئوقۇپ، يەنە ئانا مەكتىۋىگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قايتىپ كەلدى...

قوڭغۇراق ئاۋازى رۇستەمنىڭ خىيالىنى بۇلىۋەتتى، ئۇ ئايخاننىڭ كىتاپ - دەپتەرنى يىغىشتۇرىۋاتقانلىغىنى كوردى - دە، ئىتتىك ئارقىغا يېنىپ مەكتەپتىن چىقىپ كەتتى...

ئۇلار يېڭى مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىكى كولنىڭ بويىدا ئۇچراشتى، رۇستەم قوللىرىنى ئارقىغا تۇتقىنىچە بىر خىل شېرىن ھېسسىياتقا چومۇپ، ئۈن - تىنسىز ماڭاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئىككى غېرىچتەك ئارىلىق قالدۇرۇپ ئايخان كېلىۋاتاتتى. ئىللىق نەم شامال ئۇنىڭ چاچلىرىنى يەلپۈپ، يۈزلىرىنى سىلاپ، كىرپىكلىرىدىن سۆيەتتى...

رۇستەم ئادەتتە كەم سۆز ئىدى، ئايخان ئۇنىڭ بۇ خۇلقىنى، قەلبىگە ئالەم سىغدۇرغان كەڭ پىكىرلىكىنى يارىتىپ قالغان ئىدى.

— گېپىم بار دېۋىدىڭىزغۇ؟ — ئايخان قەدىمىنى ئاستىلىتىپ جىملىقنى بۇزدى.

رۇستەم ئۇنىڭغا قارىدى:

— بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق گەپ بولامدۇ؟ قارىڭا، ئىككىمىزنىڭ سايىسىغا...

ئايخان يېڭى كۆتۈرۈلگەن ئاي نۇرىدا ئۆزلىرىنىڭ بىر ھەسسە ئۇزىراپ چۈشكەن سايىسىغا قاراپ تۇرۇۋىدى، ئارىلىقتىكى بوشلۇقنىڭ بارغانسېرى يوقاپ كېتىۋاتقانلىغىنى كورۇپ، ئىتتىك رۇستەمگە قارىدى، لېكىن بۇ چاغدا رۇستەم ئۇنىڭ ئىسسىق بارماقلىرىنى ئالقىنىغا يوگەپ بولغان ئىدى. قىز شۇتاپتا ھاياتىدا ھېچقاچان ھېس قىلمىغان لەززەتلىك بىر سېزىمنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترىتىپ ئۆتكەنلىگىنى ھېس قىلدى. ھاياجانىدىن دۈپۈلدەپ سوقىۋاتقان يۈرىگى ئەشۇ شېرىن تۇيغۇ بۆشۈگىدە ئويقىغا كەتكەندەك جىمىپ كەتتى.

ئۇ، ئاجايىپ گۈزەل بۇ ئايدىڭ كېچىگە تولىمۇ ياراشقان سۆيگۈ ۋىسالىنىڭ ئۇزۇنراق داۋام قىلىشىنى تىلەيتتى.

كوككە شۇڭغۇپ چىققان تولۇن ئاينىڭ يۇمران ئېپەكتەك تال - تال نۇرى قىزنىڭ گۈلگۈن چىرايىنى يورۇتقاندا، ئۇ ئىزا تارتقىنىدىن بېشىنى غۇنچىدەك پەسكە ئەگدى ۋە پىچىرلىغاندەك قىلىپ دېدى:

— قويۇڭ، بىرسى كورۇپ قالسا سەت بولىدۇ...

رۇستەم قىزنىڭ رايىغا بېقىپ، ئۇنىڭ بارماقلىرىنى ئاۋايلاپ سىقتى - دە، قويۇۋەتتى. ئۇلار يېڭى يولغا چىقتى، يولنىڭ

ئىككى تەرىپىدىكى كوچەتلەرنىڭ يۇمران
ياپراقلىرى شامالدا شىلدىرلايتتى ، ئاي-
خان ئاۋازىنى ئەمە شۇ شىلدىرلاشقا تەڭ-
كەش قىلغاندەك سوزلەشكە باشلىدى:

— رۇستەم ئېسىڭىزدىمۇ ، بىر چاغلاردا
بىز مۇئەللىمنىڭ «دۇنيانى ئەمگەك يا -
راتقان» دىگەن سوزلىرىگە هاڭۋېقىپ قال-
غان ئىدۇق ، ئەندى قارىساق ئوزىمىز -
نىڭ ئەمگىكى يېڭى لەنگەرنى يارىتىۋا -
تىدۇ ، قارىڭا بۇ يوللار نىمە دىگەن
راۋان ، ئازادە - هە؟ تېخى ئوتكەن يىل-
لا كىشىلەر كۈندۈزى چىراق يېقىپ مېڭىش-
قا تاس قالاتتى ، ئەندى 1 - نومۇرلۇق
يولنى ياساپ ، قۇم جەينەك بىلەن دا -
ۋۇينى تۇتاشتۇرساق ، ئۇزۇنغا قالماي بۇ
يوللارغا ماي ياتقۇزۇپ ، ئىككى تەرىپىگە
ئېلېكتىر چىراقلىرىنى بېكىتسەك ، ئەترا-
پى ئاق ئالتۇن ، سېرىق ئالتۇنلار بىلەن
تولغان يوللاردا ماشىنا ، تىراكتور، كوم -
باينلار غۇيۇلداپ ئوتۇپ تۇرسا، ئۇچاغ-
دا سىزنىڭ هارۋىڭىز تاشپاقىغا ئىنىپ
قالىدۇ - دە! - ئايخان ئاغزىنى توسۇپ
پىخىلداپ كۈلدى.

رۇستەم ئۇنچۇقمىدى ،
لېكىن ئۇنىڭ كوڭلىدىكى چەكسىز شاتلىق
ۋە شىرىن ئارزۇ - ئۈمىتلەرنىڭ خۇددى
ئوكەن دەرياسىدىكى باهار كەلكۈنىدەك
مەۋج ئۇرۇۋاتقانلىقى تىز - تىز ئېلىۋات-
قان ئىسسىق نەپەسلىرىدىن مەلۇم بولۇپ
تۇراتتى.

ئايخان تېخىمۇ هاياجانلاندى. ئۇنىڭ
مۇلداق چاغلاردا كوزلىرى نۇرلىنىپ، ئا-
ۋازىمۇ تىترەپ كېتەتتى، ئۇ كۈلكىدىن
توختاپ يەنە داۋام قىلدى:

— ئۇلۇشكۇن ئوقۇغۇچىلارغا 4- قۇرۇل-
تاينىڭ ماتىرىيالىنى ئوقۇپ بەردىم، ئې-
سىڭىزدىمۇ، ئۇنىڭدا دولىتىمىزنىڭ قاند-
داق گۈللەپ - ياشنايدىغانلىقى، يېقىن
كەلگۈسىدە 4 تە زامانىۋىلىشىپ، دۇنيا-
نىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئوتىدىغانلىقى
توغرىسىدىكى ئۇلۇغۋار نىشان نىمە دى -
گەن ئېنىق كورسىتىلگەن-
هە؟! شۇ قۇرلارنى هەربىر ئوقۇسام كوز
ئالدىمدا ئاجايىپ گۈزەل سۇرەتلەر پەيدا
بولىدۇ، — ئايخان كېچىدىكى ساپ هاۋا-
دىن كوكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى،—
شۇ يىللارغا بارغاندا بىزنىڭ ئاشلىق
مەهسۇلاتىمىز 800 مىليارت جىڭغا يېتىد-
شى كېرەك. مانا شۇنىڭ يۈز مىڭدىن بىر
ئۈلۈشى لەنگەرنىڭ ۋەزىپىسىدەگا، ئۇچاغدا
بىز بۇ ئاشلارنى كومبايىنلاردا يىغىپ،
ماشىنىلارغا قاچىلاپ توشۇيمىز. سىزنىڭ
هارۋىڭىز يەنە تام قىرلاپ ئېخلاپ قالى-
دۇ - دە! ...

— 1- نومۇرلۇق يولنى قاچان ياسايدى-
كەنمىز؟!

رۇستەمنىڭ سوئالى ئايخاننى ئەجەپ-
لەندۇردى:

—هوي، سىز تېخى شۇ يەردىمۇ؟ — دىدى
ئۇ بادام قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، - مەن نە-
نەلەرنى ئايلىنىپ كەلدىم ...

— ئايلىنىپ يەنە شۇ يەرگە كەلدىڭىز-
غۇ؟ — دىدى رۇستەممۇ بوش كەلمەي، -
هېلىقى ئاش باسقان ماشىنىلار ماڭىدىغان
يولنى قاچان ياسايدىكەنمىز؟

ئايخان چۈشەندۈردى:

— نەسىرەمنىڭ ئېيتىشىچە ، ئەندى باش-
لايمىز دەيدىغۇ ، ئۇلۇشكۇن توختى شۇجى
ئويگە كېلىپ دادام بىلەن ئۇزاق سوزلەش-
تى ... - ئايخان بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ قو -

شۇپ قويدى ، ـ هەي، ••• غوجىكام بىز ـ نىڭكىگە كوچۇپ كېلىپ دادام خېمىغا يېـ نىپ كەتتى ـ دە!

رۇستەم ئۈلۈق كىچىك تىندى:

ـ بىرلەشمە دۈي تارقىتىلىدىكەن!

ئايخان ئەندىكىپ كەتتى:

ـ كىم شۇنداق دەيدۇ ؟ سۇ چىقىرىش پونكىتىنى يېرىم يولدا توختۇتامدىـ كەن؟!

ـ هەئە ، ۋاست مۇدىردىن بۇيرۇق كەپتۇ!

ـ ۋاست مۇدىر؟!

ـ تونۇمسىز؟

ـ ياق ، ئاڭلىغان، ناهىيىدە داڭچىقارـ غان ھىلىقى ۋاست قاۋان دىگەن شۇدۇ؟

ـ نەق ئۆزى، ئۇ هازىر بىزنىڭ گۇڭـ شېدا نۇقتىدا تۇرىۋاتىدۇ.

ئايخان چېچىلدى:

ـ ئىشنى بىز قىلساق، ئۇنىڭغا نىمە دەز كېتىپتۇ؟!

ـ شۇ ئەمەسمۇ ، مەنمۇ هەيران، قاردـ ـاڭ بۇ ئادەملەر پارتىيىنىڭ رەهبىرى ، لېكىن قىلىۋاتقان ئىشى پارتىيىنىڭ ئىـ شىغا هىچ ئوخشىمايدۇ . سۇ پونكىتى قۇـ رۇپ لەنگەرنى گۇللەندۇرۇشنىڭ نىمىسى يامانىكەن؟! هەي••• هازىر ئارقىغا مېڭىش ئوڭاي ، ئالدىغا مېڭىش تەس بولىۋاتىـ دىغۇ تاڭ •••

ئايخان ئېغىر خۇرسىندى:

ـ هايات باشقا • خىيال باشقا ئىـ كەن ـ دە!•••

شۇ چاغ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن بىر قىزىل تىراكتورى تاتاتلاپ چىقىپ كەلدى ، ئۇـ نىڭ تۇمشۇغىدىكى سىگناچىرىغى ئايخاننىڭ كوزىنى چاقتى ، ئۇ قولى بىلەن كوزىنى توسۇپ بېشىنى چەتكە بۇردى ، تىراكتور

ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئوتكەندە،كىمدۇ بىرسى ئىسقىرتتى ، ئارقىدىن قاتتىق كۈلكە كوـ تۈرۈلدى ، رۇستەم كۈلكىلەر ئىچىدىن تاشـ ماقنىڭ خىرىدى قىسىر ئوشكىنىڭ مەرىشـ دەك مىيانە ئاۋازىنى تونۇۋالدى ، ئايـ خان ئەلەم بىلەن غودۇڭشىدى:

ـ يۈزى سورۇنلەر!•••

III

پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ يىغىنى ئاخىرىغا بېرىپ دە تالاشقا ئايلاندى.

ـ يولداشلار ، گەپ ـ سوزسىز بولسا يۈز تۇرانە قىلىشايلى ، ـ دىدى توختى شۇجى جوزىنى ئاكىلدىتىپ ، ـ چىراقنى ئوچۇرىۋېتىپ كوز ئالايتقاننىڭ پايدىسى يوق!

تاشماق ئاۋاق بەستىنى سەل قىمىرلە ـ تىپ قويۇپ گېلىنى قىردى:

ـ بايا مەن ئوچۇق ئېيتتىم ، گېپىم يەـ نە شۇ: كىرىشتۇرۇپ ئېرىش يۇقۇرىنىڭ قاـ رارى ، بۇنىڭغا قىلچە ئاغى قىلىشقا بولـ مايدۇ!

2 ـ ئىشلەپچىقىرىش دۇيىنىڭ دۇيجاڭى هاشى كوممۇنىستنىڭ مەسخىرىلىك ئاۋازى پاراقىدە كۈلكە كوتەردى:

ـ يۇقۇرىنىڭ قارارى دەپ ئېرىقتىكى سۇنى ئوكزىگە باشلا دىسىمۇ باشلاۋېرىدىـ كەنمىز ـ دە!

تاشماق گەۋدىسىنى يېرىم تولغاپ، ئارـ قىدا ئولتارغان هاشى كوممۇنىستقا كوزىـ نىڭ پاختىسىنى چىقاردى:

ـ بۇ رەهبەرلىككە قىلىنغان ھاقارەت!ـ دىدى ئۇ غۇدۇراپ،ـ يۇقۇرىنىڭ قارارىـ دىن شەكلىنىشكە بولمايدۇ!

ئەشرەپ بوۋاينىڭ بۇرۇن كومۇچەكلىرى كېرىلىپ، ئوسكىلەڭ قاشلىرى لىكىلداپ كەتتى:

ــ دىخانچىلىق ئىشلىرىدا پالانچىنىڭ
قارارى ، پوستانچىنىڭ بۇيرۇغى
دەپ تەۋەككەلچىلىك قىلىشقا بولامدۇ ؟ ــ
دىدى ئۇ ساقىلىنى سىرىپ ، ــ تەۋەككەل ــ
نىڭ تېگى تاش ، كادىرلىرىم، ۋاقتى كەلــ
گەندە باشنى ئۇرسا يېرىلىدۇ . مېنىڭچە ،
بۇ قارارنى چىقارغان باشلىق دىخانچىلىقــ
تىن خەۋىرى يوق ، شەھەردە يۈرۈپ، قوي
باقماي پاخلان يەپ ، بۇغداي تېرىماي
ئاق نان يەپ چوڭ بولغان كىشى
ئىكەن.

ــ ئەشرەپ تاغا ، ئۆزەڭگە پەخەس
بول،ــدىدى ھاشى كوممۇنىستكوزىنى قىسىپ،
ئۇ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس ، ئېيىقتەك
تىك تۇرۇپ، بىر قولى بىلەن ئاسمان ــ
نىڭ تېرىسىنى يۇلۇپ ئالالايدۇ جۇمۇ!

ئەشرەپ بوۋاي پەرۋاسىزلا جاۋاپ
بەردى:

ــ خان غوجامدىن شە كېتىدۇ ، ھارۋىد ــ
كەشتىن تىرتاڭ ــ تىت ، دەپتىكەن، مەن ــ
دىن كەتسە نىمە كېتەتتى ، ئىككى كەمپەتــ
مىشكە كىرگەن قېرى جېنىم بار، 15 يىل
ئۇرۇقچىلىق بىلەن ھەپىلىشىپ لەنگەر يېــ
رىنىڭ مىجەز .. خۇلقىنى بىلىۋالدىم، شۇــ
ڭا ، توت ئېغىز گەپنى ھالاللاپ قىلمىسام،
ئۇرۇق بىلەن يەرلىرىمىز يۇقۇرىدىكى
باشلىقتىن ئەمەس ، مەن قېرىدىن ياماند ــ
لايدۇ...

بۇ گەپلەر تاشماقنىڭ دىتىغا ياقمىد ــ
دى ، كىمكى ئۇنىڭ دىتىغا ياقمايدىغان
گەپنى قىلىپ قويسا ، ئۇ خۇددى ئاقبال ــ
داقتەك پاراسلاپ كېتەتتى.

ــ مەن قارشى تۇرىمەن ! ــ دىدى ئۇ
تۇكرۇگىنى چاچرىتىپ ، ــ بۇ پارتىيىنىڭ
ياچېكا يىغىنى ئەمەس ، باست مۇدىرنىڭ
ئۇستىدىن قىلىنىغان غەيۋەت ــ شىكا ــ
يەت!ــئۇتوختى شۇجىغا دوق قىلدى،ــيول ــ
داش شۇجى ، سىز قاراپ تۇرۇپ يۇقۇرى
دەرىجىلىك بىر رەھبىري كادىرنىڭ شەنىــ
گە داغ تەككۈزىدىغان غەيۋەت ــ شىكايەت ــ
لەرگە يول قويۇۋاتىسىز! ــ ئۇ قوللىرىنى
ئېگىز ــ پەس شىلتاپ ، بارغانسېرى ئە ــ
دەپ كەتتى ، توختى شۇجى ئۇنى ئورنىدا
ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلدى:

ــ تاشماق دۇيجاڭ،ھېچكىم تامىنىڭ دال ــ
دىسىغا ئوتتۇپ غەيۋەت ــ شىكايەت قىلغىــ
نى يوق ، مانا شۇ مەيداندا ئوچۇق سوزــ
لەۋاتىدۇ ، سىز پارتىيە دېموكراتىيىسى
دىگەننى بىلەمسىز؟

تاشماق يەنە چىچاڭشىدى:

ــ سىزدېموكراتىيە دىگەن مەلەڭزە ئارــ
قىسىدا باست مۇدىرغا قارشى مەزھەپ ئۇــ
يۇشتۇرۇۋاتىسىز!

توختى شۇجى بىر ئاز چېچىلدى:

ــ گەپ بولسا باست مۇدىر ئۇستىدە بوپــ
تۇ ، سىز نىمانچە ئۇپكە قاقىسىز؟!

ــ ئۇپكە قېقىشقا ھەققىم بار! ــ تاشماق
يەنە ئورنىدىن تۇردى ، ــ سىلەر تەپتارتــ
ماي پالاز قېقىۋاتساڭلا ، مەن ئۇپكەقاقسام
نىمە بوپتۇ؟! مەن بۇنداق يىغىنغا
قاتنىشىش ھوقۇقۇمدىن ۋاز كېچىمەن! ئوز
پىكرىمدە ئاخىرغىچە تۇرىمەن!

توختى شۇجى كەڭ يەلكىسىنى قىمىرلى ــ
تىپ قويدى:

ــ ئىختىيار ئوزىڭىزدە!

تاشماق ئورۇندۇقلارنى نېرى ــ بېرى
ئىتتىرىپ، ئىشخانىدىن چالۋاقاپ چىقىپ
كەتتى، ئۇنىڭ ناھاللىق ئوتوگىنىڭ تا ــ
راقشىغان ئاۋازى تېخى ئۈزۈلمەي تۇرۇپلا،
ھاشى كوممۇنىست ئاچچىق بىلەن ئىڭىكىنى

ئۈچلىدى:

ــ كېتىۋە، يول بولسۇن، پەيغەمبىرىم
يار بولسۇن، خىزىر ئەلەيكۇسسالام رىزا
بولسۇن! سەن بولمىساڭ لەنگەرنىڭ ئاسمى
نى ئۈرۈلۈپ چۈشمەيدۇ!

يىغىن يەنە داۋام قىلدى، پىـ
كىرلەر قىزىغىن، مۇھاكىمە جانـ
لىق بولدى، پەقەت بىرلا غوجى يىغىندا
باشتىن-ئاخىر ئىندىمەي ئولتاردى، ئۇ
كىمگىدۇ قېيىدىغاندەك ئۆزمەي تاماكۇ
چېكەتتى، خىياللىرىمۇ بېشى ئۈستىدە لەيـ
لەپ يۈرگەن ئەشۇ تاماكۇ ئىسىدەك تۇمانـ
لىق ئىدى...

توختى شۇجى ئاخىرىدا يىغىننى مۇنداق
سۆز بىلەنلا ياپتى:

ــ بۈگۈن خۇلاسە چىقىرىلمايدۇ، بۇ
ئىش دادۇيىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەقدىرىگە
مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش، يولداشلار ئاما
بىلەن كەڭ پىكىرلىشەيلى، بىزنىڭ ھەر
بىر سۆز - ھەركىتىمىز خەلقنىڭ مەنپەئە-
تىگە ئۇيغۇن بولىشى كېرەك!

IV

گۈگۈمدە تەرەپتىن غۇيۇلداپ كەلگەن
جىپ ماشىنا مەكتەپنىڭ ئالدىغا كەلگەندە
قاتتىق تورمۇز بىلەن سىلكىنىپ توختىدى.
ئۇن ياشلىق بىر بالا ماشىنىنىڭ ئالدىـ
دىن پىگىلداپ مەكتەپنىڭ ئىچىگە قاچتى،
چىرايى ئۆچكەن شوپۇر يىگىت بوراندەك
ئەلپاز بىلەن بالىنى قوغلاپ مەكتەپكە
كىردى، بۇ چاغدا قورقۇشتىن خۇدىنى يوـ
قاتقان بالا مەكتەپ سەيناسىدا تۇرغان
ئايخاننىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتقان ئىـ
دى، ئىز بېسىپ كەلگەن شوپۇر بالىنىڭ
قۇلىقىنى سوزۇپ ۋاقىرىدى:

ــ ئۆلگۈرك كەلدىمۇ سەھرالىق ھاڭـ
ۋاقتى؟!

قۇلىقىنىڭ قاتتىق تولغىنىشىدىن ئاـ
زاپلانغان بالا قىقىراپ كەتتى.

ــ قولىڭىزنى تارتىڭ! - دېدى ئايخان
ئۆڭگەن ھالدا، - شەھەرلىك چېچەنلەر
كۆزىڭىزگە قاراپ ماڭىسىڭىز بولمامدۇ؟!

شوپۇر ئايخانغا كۆلەيدى:

ــ ھوكىرىمەڭ خانىم قىز! ئەگەر چېچەنـ
لىك قىلمىغان بولسام، بۇ ھاڭۋاختىڭىز
توت چاقنىڭ ئاستىدا ئۆلىسقاچان خام
گۆشقا ئايلىنىپ كېتەتتى...

ماشىنىنىڭ سىلكىنىشىدىن بېقىنىغاسانـ
جىق تۇرغان باشت مەكتەپتىكى ۋاراڭـ
چۇرۇڭنى ئاڭلاپ ماشىنىدىن چۈشتى،
بىر توپ بالىلار شوپۇرنى ئوراپ ئالغان
ئىدى، شوپۇر ئايخانغا قوللىرىنى شىلتاپ
ۋايساۋاتاتتى، باشت توپنىڭ يېنىغا
كېلىپ، ھېلىقى بالىنى بەزلەۋاتقان ئايخانـ
غا قاراپ گىدەيگەن ھالدا دېدى:

ــ ئۆزۈڭۈزچى دىگەننى ئەدەپلىك تەرـ
بىيىلەش كېرەك-تە!

ئايخان يالت قىلىپ باستقا قارىدى-
دە، تۇمشۇغىنى ئۈچلىدى:

ــ ئەدەپلىك تەربىيىلەيمەن دەپ ئوقۇـ
غۇچىلارنى قوزۇقتا باغلاپ قويامتۇق، سىـ
گىنال بېرىپ ئاستىراق مېڭىش كېرەك-تە!

باستىنىڭ ئايخانغا تىكىلگەن كۆزلىرى
بىردىنلا يوغۇناپ، كىشى ھېيىققىدەك پاـ
قىراپ كەتتى، ئۇنىڭ قۇلىقىغا گەپمۇ كىرـ
مەيتتى، ئۇ ئايخاننىڭ ئىسۋەلىمىز ھوسنىـ
گە قارىغانسېرى ئەس - ھۇشىنى يوقۇتۇشـ
قا باشلىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە
ئايخاننىڭ دومسۇيۇپ تۇرغان تۇمشۇغى
بىلەن ئاچچىقتىن قىسىلىپ كەتكەن كۆزلىـ
رىمۇ شۇنداق نازاكەتلىك كۆرۈندى...

ئۇ ئەندى ئايخانغا بىر خىل داما قۇلـ

لىۇق تەلەپپۇزى بىلەن سوزلەشكە باش ـ
لىدى:

ـ سىز مۇشۇ مەكتەپنىڭ خالىسى ئىكەن ـ
سىز ـ دە! رەنجىمەڭ ئوماق قىز، رەنجىمەڭ! ـ
ئۇ، بىردىنلا شوپۇرغا يۇزلەندى، ـ ئادەم
كوپ يەردە سىگنال بېرىپ، ئىستىراق مې ـ
ڭىش كېرەك ئەمەسمۇ! يېزا باللىرى شوخ ـ
راق بولىدۇ ـ دە!

ئۇ ئايخان يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىنلا
كەينىگە بۇرالدى، لېكىن مەكتەپنىڭ دەر ـ
ۋازىسىدىن چىققىچە قانچە قېتىم ئارقىغا
قارىغانلىقىنى ئوزىمۇ سەزمەي قالدى...

ماشىنا لەنگەرنى تولۇق بىر ئايلىنىپ
چىققاندىن كېيىن، دادۇي ئىشخانىسىغا
كەلدى، باست سائەتچە ئورالغان تاما ـ
كىسىنى چىشلەپ، چېكىسىگە قىزىل ئەترە
گۇلنى قىستۇرغان هالدا يوغان قوساقلىرى ـ
نى لىغىرلىتىپ ئىشخانىغا كىردى، لېكىن
هېچكىم يوق ئىدى، ئۇ پۇتلىرىنى ئالماپ
قويۇپ، شىرە ئۇستىدىكى تېلېفوننى چو ـ
رۇشكە باشلىدى...

«باست مۇدىر كەپتۇ» دېگەن خەۋەر
تاشماقنىڭ سالپاڭ قۇلىقىغا هەممىدىن
بۇرۇن ئاڭلاندى، ئۇنىڭ شاتۇر پۇتلىرى
ئۇياق تاقلاپ، بۇياق قىدىرىپ، ئاخىر
باستنى دادۇي ئىشخانىسىدا قوغلاپ يې ـ
تىشۋالدى، ئۇلار خىلۋەت ئىشخانىدا ئۇزۇ ـ
زاق مۇقۇلداشتى.

ـ تېخى مۇنداق دېگىن! ـ دېدى با ـ
ست تەرىنى پۇرۇشتۇرۇپ، ـ ئۇ تېخى
مېنىڭ ئىشلىرىمدىن قۇسۇر ئىزلەپ، سوز ـ
لىرىمدىن ئۇۋەن تاپماقچى بولۇۋېتەپتى ـ
مۇ؟! هىم! ... ئۇلەڭغا شۇنداق تۇيۇلىدۇ،
بىز بۇندا قلارنى كوپ كورگەن تاشماق!...

ئۇ قوللىرىنى ئارقىغا تۇتۇپ، ئىشخا ـ
نىدا ئۇياق ـ بۇياق ماڭدى ۋە تۇيۇقسىزلا
چىپپىدا توختاپ، تاشماققا بۇيرۇق ئاهاڭدا
دېدى:

ـ هازىر يىغىن ئاچىمەن، بۇ خەۋەرنى
كادىر دېگەن ۋېۋىسكىسى بارلارنىڭ هەم ـ
مىسىگە ئەيت، دەرهال يىغىلسۇن!

تاشماق ئىشخانىدىن غۇيۇلداپ چىقىپ
كەتتى.

× × ×

كەچكى قوياشنىڭ گۇنەپشىرەڭ شولىسى
دېرىزە ئەينەكلىرىدە جىمىرلاشقا باشلىغاندا،
دادۇي قوروسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى يە ـ
غىن زالىغا يىگىرمىدەك ئادەم توپلاندى.
بۇلار لەنگەر دادۇيىنىڭ ياچېكا شۇجىسى ـ
دىن تارتىپ ئىشلەپچىقىرىش دۇيلىرىدىكى
گۇرۇپپا باشلىقلىرىغىچە بولغان «كادىر» لار
ئىدى.

باست مۇدىر زالنىڭ تاملىرىغا يېپىش ـ
تۇرۇلغان هەر يىللىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ
سېلىشتۇرما كورسەتكۇچى بىلەن هەر قاي ـ
سى ئىشلەپچىقىرىش دۇيلىرىنىڭ يىللىق
ئىشلەپچىقىرىش پىلان كورسەتكۇچلىرىگە
بىر قۇر نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن، قولى ـ
نى ئارقىغا تۇتقىنىچە يىغىن مۇنبىرىگە
چىقتى، توۋەندىكى بىتاقەت كوزلەر ئۇ ـ
نىڭغا جىم ـ جىت تىكىلگەن ئىدى.

ـ يولداشلار، بۇگۇن مەن بىر مۇنچە دا ـ
دۇيلەرنى ئارىلاپ، ئاخىرىدا بۇ يەرگە
كەلدىم، ـ دېدى ئۇ گىدەيگەن هالدا، ـ
يىغىن ئېچىشتىن مەقسەت سىلەر بىلەن
يۇز كورۇشكەچ خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇ ـ
رۇش. بۇ يەردە ئولتارغان هەممىمىز تەش ـ
كىلنىڭ ئىگىسى، شۇڭا بىزنىڭ هەر قان ـ
داق كېپىمىز تەشكىلگە ۋاكالىتەن بولىدۇ،
مەن هازىر پارتىيىنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك

تەشكىلىگە ۋاكالىتەن سىلەرگە ئىككى مەسـ
لىنى جېكىيمەن ، ـ ئۇ ئۆڭ قولىنى بىلەن
بېلىنى تىرەپ، سول قولىنىڭ باشمالتىد ـ
غىنى پۈكتى ، ـ بىرىنچى ، دادۈي بويىچە
تەشكىللەنگەن بىرلەشمە قۇرۇلۇش دۈيى
دەرھال تارقىلىدۇ ، بۇ ھەقتە ئۈتكەنكى ياز ـ
ما ئۇقتۇرۇشتىن باشقا مەن يەنە ئىككىنچى
قېتىم سوزلەۋاتىمەن ! ئىككىنچى ، گۇڭشې
پارتكوم بۇ يىل لەنگەردە ئۇمۇمىيۈزلۈك
كېرىشتۇرۇپ تېرىشنى يولغا قويۇش توغـ
رىسىدا ئۇقتۇرۇش چۈشەردى ، مەن بۇ ئۇقـ
تۇرۇشقا شەخسەن ئىمزا قويدۇم ، چۈنكى
مەن كورگەن ماتىرىيالدا كېرىشتۇرۇپ تېـ
رىشنىڭ ئەۋزەللىكى ناھايىتى قايىل قىـ
لارلىق ھالدا سوزلەنگەن ، مەسىلەن ، ـ
ئۇ مەيدە يانچۇغىدىن كىچىككىنە بىر خا ـ
تىرە دەپتەرنى ئېلىپ ۋاراغلىدى ، ـ مەسـ
لەن ، مارالۋېشى ناھىيىسىنىڭ « ئالغا »
گۇڭشېسىدا بۇغداي بىلەن قوناقنى كېرىشـ
تۇرۇپ تېرىپ ، مو بېشىدىن 682 جىڭ ھوـ
سۇل ئالغان، يەنە بۇغداي ئارىسىغا شىڭـ
لو 201 ـ نومۇرلۇق كېۋەزنى كېرىشتۇرۇپ
تېرىپ ، 237 جىڭ بۇغداي، 68 جىڭ 4 سەر
7 مىسقال ساپ پاختا يىغىۋالغان. ئەندى
بۇغداي بىلەن بېدىنى كېرىشتۇرۇپ تېرىپ،
بېدىدىن 5800 جىڭ، بۇغدايدىن 350 جىڭ
ھوسۇل ئالغان. مانا قاراڭلار ، كېرىشتۇ ـ
رۇپ تېرىغاندا ھوسۇل دېگەن ئېشىكتىنمۇ ،
دېرىزىدىنمۇ، مورىدىنمۇ ، تۆكۈلۈكتىنمۇ كىـ
رىۋېرىدۇ...

يىغىن مەيدانى تەۋرەپ كەتتى، جوزا ـ
بەندىڭلارنىڭ غاراس ـ غۇرۇسلىرى بىلەن
كىشىلەرنىڭ گوڭۇر ـ مۇڭۇرلىرى ئۆي ئىـ
چىنى ئۆرگىسى بۇزۇلغان ھەرىدەك غـو ـ
ڭۇلدىتىۋەتتى ، باست مۇنبەرگە بارمىغىنى
چېكىپ ، تەمەننا كۆلكىسى بىلەن ئەتراپقا
قارىدى:

ـ مېنىڭ سوزۇم تۈگىدى ، مەن يـول ـ
داشلاردىـن ئوز سـوزۇمنىـڭ يـۈزدە ـ
يۈز ئەمەلىيىتىنى كورسۇتۇشنى تەلەپ قىـ
لىمەن!

ـ پىكىر ! ـ ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىگىز ،
قاتمال بىر گەۋدە لوڭگىدا كوتۇرۇلدى ، ـ
رۇخسەت مىكىن؟

باست ئاغزىنى ئاران يىردى:

ـ مەرھەمـەت!

ـ بىرلەشمە دۈي بىر نەچچە ئايدىن بېـ
رى لەنگەردە جاھانچە ئىش قىلـدى، قـۇم
جەينەكتىكى سۇ چىقىرىش پونكىتى پۈتمەي
تۇرۇپ ، ئۇنى تارقىتىشتىكى مۇددىئا نېـ
مىكىن؟

ـ مـۇددىئا ئېنىق! ـ دېدى باستسىڭا
مۇشتىنى جوزىغا تىرەپ، ـ بىرىنچىدىـن ،
ئۇ ئىنقىلاپنى باستى، ئىككىنچىدىن، ئۇ پارتـ
كومنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلمىدى. ئۈچـ
چىنچىدىن ، لەنگەردە كاپىتالىزىمنى سەلـ
دەك يامرىتىۋەتتى . مەن بۈگۈن ئايىلىـ
نىپ كوردۇم ، توگە قۇلىغىدەك بىر دادۈيـ
دە خۇمدانچىلىق ، تومۇرچىلىك ، ياغاچـ
چىلىق ، رېمونتچىلىق دېگەنگە ئوخشاش
سانائەت خاراكتىرىنى ئالغان كارخانىلار
نىمە ئىش قىلىنىدۇ ؟ ! بـۇ يـەردە
سانائەت ئىگىلىكى دېخانچىلىقتىـن
ھالقىپ كەتكەن، مانا بۇ كاپىتالىزىمبولـ
ماي نىمە؟ ! سوتسىيالىزىم يونۇلۇشىدىن
ئازغانلىقنىڭ بەق ئوزى، يەنە...

باستىنىڭ سوزى توختىـى شۈجىنىڭ مەـ
نىلىك سوئالى بىلەن ئۈزۈلدى :

سانائەت قوشۇمچە ئىگىلىكى دېخانچـ
لىقتىن ھالقىپ كەتسە كاپىتالىزىم بولامـ

دىكەن ؟ ئۇندداقتا ، ئازا تالمقتىن بۇرۇنقى
جۇڭگودا يېزا ئىگىلىكى سادا ئەتتىن كىرىپ
ئۇرستۇن ئىدى ، ئەندى بىز ئازا تالمقتىن
بۇرۇنقى جۇڭگولى سۇتسىيالىزىم دىسەك بو-
لىدىكەن ـ دە ! ؟

باستىنىڭ چىرايى سەل تاتىرىپ ، كوز-
لىرى مىتىلداپ كەتتى ، ئۇ توختى شۇجىغا
تازا تىكىلىپ قارىۋالغاندىن كىيىن، ئۇزد-
نى سەل ئوڭشاپ گەپنى ئەپقاچتى :

ـ سىزگە شۇنداق تۇيۇلىدۇ ، ئازاتلىق-
تىن بۇرۇنقى جۇڭگونى قانداق ئاتاشنى
بەش ياشلىق بالىمۇ بىلىدۇ ، ئەپسۇسكى ،
50 ياشلىق ياچىكا شۇجىسى كىرىپ ـ كىرى-
دۇزدە جويلۇۋاتىسىز ! ـ ئۇ ئورنىدىن سەل
قوزغۇلۇپ ، سوزلەشكە تەمشەلگەن توختى
شۇجىغا قولىنى شىلتىدى ، ـ بەس ، هازىر
يىغىننى مەن باشقۇرىۋاتىمەن !

ئەتراپتىن خەيرى ـ خاھلىق كوزلەر
توختى شۇجىغا تىكىلدى ، ئۇ باستىقا مەن-
ستمەسلىك نەزىرى بىلەن بىر قاراپ قو-
يۇپ ، ئورنىدا مەزمۇت ئولتۇردى ، ئۇنىڭ
مۇنداق ئۇزىنى تۇتىشى ھەممەيلەنگە سالا-
پەتلىك كورۇندى . باستىنىڭ ئاغزى يەنە
ئېچىلدى ، كوزى يۇمۇلدى :

ـ سۇ چىقىرىش پونكىتى ياسىماي تۇ-
رۇپ ئىنقىلاپ قىلغىلى بولامدىكەن؟! بىز
ئەۋەل ئىنقىلاپنى ھەق دادىغا يەتكۇزۇپ
بولۇپ ، ئاندىن قۇرۇلۇش ئۇستىدە ئويى-
لىنىمىز ! چىل بورىلەرنى يوقاتماي تۇ-
رۇپ ، پادىنى خاتىرجەم باققىلى بولامدۇ؟!
هازىر كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان ھوقۇق-
دارلار ۋە بىر ئوچۇم سىنىپىي دۇشمەنلەر
يۇقۇرى ـ توۋەندە ھولاپ يۇرۇيدۇ ، بىز-
نىڭ هازىرقى ئەڭ چوڭ ئىشىمىز شۇلارنىڭ
ئەدىۋىنى بېرىش ! باشقا ھەر قانداق ئىش

مادا شۇنىڭغا يول بېرىش كېرەك، بىرلەش-
مە دۇينىڭ تارقىلىشىمۇ شۇ جۇملىدىن .
ئەگەر يەنە تارقالمايدىكەن ، ھەر قايسى
ئىشلەپچىقىرىش دۇيلىرى ئوزىدىن ئاجرات-
قان ئادەملەرنىڭ گوڭگى بىلەن ئاشلىق نور-
مىسىنى توختاتسۇن ، بىرىنچى ئىشلەپچى-
قىرىش دۇيى ئوزىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى
قوغداشقا ھەقلىق !

بۇ سوز بىلەن تەڭ تاشماق گەۋدىسىنى
سەل كوتۇرۇپ ، ئەتراپقا بويۇنداپ قاراپ
قويدى . خېلىدىن بېرى كىرىشتۇرۇپ تې-
رىش توغرىسىدىكى سوزلەرنى مۇلاھىزە قى-
لىپ ئولتۇرغان ئەشرەپ بوۋاي ئەندىكوك-
لىگە پۇككەن گەپلىرىنى ئوتتۇرىغا ئاتتى:

ـ كىرىشتۇرۇپ تېرىش توغرىسىدا مەن-
مۇ قېرى كاللامنى ئىشلىتىپ باقتىم ، ئو-
ياق ئويلىساممۇ ، بۇياق ئويلىساممۇ بۇ
ئوسۇل بىزنىڭ لەنگەرگە ماس كەلمەيدى-
كەن ، قايسى باغدا بولسا ، شۇ باغنىڭ
ناخشىسىنى ئېيت ، دىگەن گەپ بار . مې-
نىڭچە ، بىز تەۋەككەل دەرياسىغا كىمەسال-
مىساق !

باستى ئەشرەپ بوۋايغا مەنستمىگەن-
دەك قاراپ قويۇپ سورىدى :

ـ سىز قايسى باغنىڭ ناخشىسىنى ئېيت-
ماقچىدىڭىز ؟!

ـ مەن لەنگەرنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىمەن-
دە ! ـ دىدى بوۋاي بەخىرامان هالدا ، ـ
چۇنكى ئۇ بىزگە نەپ بېرىپ كېلىۋاتقان
ناخشا .

باستى جاۋغايلىرىدىن كوپۇك چاچرى-
تىپ جاۋرىدى :

ـ بەكمۇ زەھەرلىك ناخشا ئىكەن، بۇن-
داق ناخشا قايسى باغدا بولسا شۇ باغنى
قۇرۇتىدۇ ، بۇ قېرىنداش جايلارنىڭ ئىل-

غار تەجرىبىسىنى رەت قىلغانلىق ، كونا
كاللىدىن يېڭى نەرسە چىقمىغى تەس ئى -
كەن-دە!

بوۋاينىڭ سەل جۇدۇنى تۇتتى :

ــ بۇنداق يېڭى كاللىدىن پايدىلىق
نەرسىلەرنىڭ چىقىشىمۇ بەسى مۇشكۇل ! -
دىدى ئۇ ئوزىمۇ سەزمىگەن دىدىللىك بى-
لەن ، - زىرائەتلەرنىڭ تېرىلىش - يىغى-
لىش ۋاقتى ئوخشىمىسا ، پەرۋىش ۋاقتى
ئوخشىمىسا ، تېرىلىدىغان يەر ئوخشىمىسا ،
بىر يەر بىلەن يەنە بىر يەرنىڭ هاۋاسى ،
تۇپرىغى ، سۈيى ئوخشىمىسا ، ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە هازىر يەرلىرىمىزنى سالالاشتۇرۇۋات-
ساق ، قانداقمۇ پۇرچاق بىلەن كېۋەزنى ،
بۇغداي بىلەن بېدىنى كېرىشتۇرگىلى بو -
لىدۇ ؟! بۇ ، تاغدا تۇرۇپ باغنىڭ ، باغ-
دا تۇرۇپ تاغنىڭ ناخشىسىنى ئېيتقانلىق
ئەمەسمۇ ؟!

ئەشرەپ بوۋاينىڭ سوزى يىغىنىدا تە-
سىر قوزغىدى ، هاشى كوممونىست بىر چەت-
تىن قوپۇپ ئۇنىڭغا دال بولدى :

ــ 1973-يىلى بىزمۇ چاۋاغنى دوراپ ،
بۇنداق بەقەسەم ئېتىزلاردىن ئاز - تولا
قىلىپ باققان ، لېكىن يىلىنىڭ ئاخىرىدا
چاچقان ئۇرۇغىمىزنى تاپالماي بارمىغىمىز-
نى چىشلەپ قالغان ئىدۇق ، بۇ ئاچچىق
ساۋاق هازىرغىچە ئېسىمىزدىن چىققىنى
يوق ! …

يىغىنىنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۇزگۇرۇش با-
سىتىنى تەمتىرىتىپ قويدى ، لېكىن ئۇكوك-
لىدىكى زەئىپلىكنى بىلدۇرمەسلىك ئۈچۈن ،
بىردەم جوزىنى تاقىلدىتاتتى ، بىردەم تا-
ماكۇ ياندۇرۇپ ، ئاغزىدىن چىققان ئىسنى
تاماشا قىلاتتى ، پۇرسەتنى غەنىمەت بىل-
گەن تاشماق ئورنىدىن تۇرغىنىچە هولۇ-
قۇپ سوزلىدى:

ــ يولداشلار يۇقۇرىنىڭ قارارىدىن شەك-
لەنمەيلى! باسىت مودىر بىر داهىينى پى-
قىرىتىۋاتقان ئادەم ، بەزىلەرنى " پالانى
تېخنىك» دەپ قويساق ، خۇدىنى يوقۇتۇپ
گەپدانلىق قىلىۋاتىدۇ ، سۇرۇشتۇرۇپ كەل-
سەك ، ئۇنىڭ بىلىدىغىنى هوپۇپنىڭ ساي-
رىشچىلىك ! - ئۇ كوكرىكىنى كېرىپ ،
مەيدىسىگە مۇشلىدى ، - مانا مەن يۇقۇرى-
نىڭ قارارىنى يۈزدە - يۈز ئىجرا قىلىمەن!

باسىتقا جان كىردى ، ئۇ قولىنى سىپا-
گەرچىلىك بىلەن يۇقۇرى كوتەردى :

ــ يۇقۇرىنىڭ قارارى - قارار ! - ئۇ
ئەندى گىدەيگەن هالدا جاكالىدى ، - يى-
غىن تامام !

كىشىلەر ئىككى - ئۈچتىن بولۇپ يىغىن-
دىن تارقىدى ، ئۇلار تۇيۇقسىز چاقىرىل-
غان بۇ يىغىندىن قىلچە هوزۇر هىس قىلىش-
مىدى ، بەزىلەر مۇرىسىنى قىسىپ ، بەزىلەر
پېشىنى قېقىپ ، دادۇي قورۇسىدىن چىقىشقا
باشلىدى . كالتەكەمزۇل كىيىۋالغان شاپ
بۇرۇتلۇق بىرسى ۋېلىسىپىت يېتىلىۋالغان
هەمرايىغا قاراپ خۇرسىندى :

باسىت مۇدىر يىغىن ئاچىدۇ دىسە، بې-
لىمنى خېلى چىڭ باغلاپ كېلىۋىدىم، مانا
ئەندى بەلۋىغىمنى يەلكەمگە تاشلاپ كې-
تىۋاتىمەن !…

## V

سەيدىن قارىنىڭ بەش پەخشىلىك ئەن-
جام تام بىلەن قورۇق قىلىنغان باغ هويى-
لىسى كىرگەن كىشىنىڭ كوڭلى ۋاللىدە ئې-
چىلغىدەك ياساپ جابدۇنغان ئىدى . هويى-
لىغا سۇ سېپىلىپ ، ئالا - گوستانلىق كول-
چەك يېنىدىكى سۇپىغا يېڭى تىكمەت، زىغ-
زىغلىق يىكەنداز سېلىنغان ، كولچەك بو -

يىدىكى ئۈرۈك شېخىغا ئېسىپ قويۇلغان
يىپەك چۇچىلىق لوڭگا بىلەن ئۇنىڭ ئاستىدىكى
قۇمداپ پاقىرىتىۋەتكەن ئاپتوۋا-چىلاپچىلار-
غا قارىغاندا بۈگۈنكى مېھمانىڭ ناھايىتى
يۈزى چوڭ، ئۇيا تىلىق ئىكەنلىكى كورۇنۇپ
تۇراتتى. بېشىغا مىسقالى سەللىسىنى ئېب-
شىلدۇرۇپ ئورۇۋالغان سەيدىن قارى كا-
ۋاپچى يىگىتكە باغنىڭ بىر بۇجىكىدىن
ئورۇن كورسۇتۇپ بېرىپ، ئۆزى ئىچكىرى
ئويگە كىرىپ كەتتى. شۇ چاغ ئايشخانىدىن
چىلەك كوتۇرۇپ سۇغا چىققان ئايخان تاش-
ماقنىڭ تەكەللۇپلىرى بىلەن ھويلىغا كى-
رىپ قالغان باستىقا ئۇچرۇشۇپ قالدى.

— ھوي، سىز بۇ يەردە ئىكەنسىز - دە!-
دېدى باسىت قىزنىڭ چەتكە بۇرالغان
يۈزىگە بەزدەك تىكىلىپ.

تاشماق دەرھال ئارىغا قىستۇرۇلدى:

— بۇ قىزچاق سەيدىن قارىمىنىڭ كەن-
جىسى بولىدۇ.

باسىت ئىختىيارسىز بېشىنى لىڭشىتتى:

— مۇنداق دىگىن، بۈگۈنكى ئۇلپەتچى-
لىك ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرە ئىكەن-دە!- ئۇ
ئايخانغا قاراپ سىپاگەچىلىك بىلەن سو-
رىدى، - ئىسمىڭىزنى بىلىشكە بولامدىكەن
ئوماق قىز؟

ئايخان بېشىنى بىرلا سىلكىپ، كوكسىگە
چۇشۇۋالغان سۇمبۇل چاچلىرىنى ئارقىغا
تاشلىدى - دە، سىرتقا ماڭدى، ئۇنىڭ
ئورنىغا تاشماق جاۋاپ بەردى:

— ئىسمى ئايخان.

— ئايخان؟ ئايخان ... - باسىت بۇ
ئىسىمنى خۇددى تىلىغا باغلىۋالماقچى
بولغاندەك قايتا-قايتا تەكرارلىدى،-ئاي-
خان ...

ئىچكىرى ئويدىن پايپاسلاپ چىققان
سەيدىن قارى يىراقتىنلا سوزلەپ كەلدى:

— قەدەملىرىگە مۇبارەك باسىتمۇدىر،
بۈگۈن ئوزلىرىنى پەقىرنىڭ غې-
رىپ كەپىسىدە بىر پىيالە چايغا دەپ ئاۋا-
رە قىلدۇق ...

باسىت ئايخاندىن تەسلىكتە كوزىنى
ئۈزۈپ، سەيدىن قارىنىڭ قولىنى سىقى-
تى:

— رەخمەت قارىم ، كوپ كايىپلا...

باستىنىڭ شەنىگە ئوتكۈزۈلگەن بۇ زى-
ياپەت تاشماقنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن
سەيدىن قارىنىڭ ئويىدە بولغان ئىدى،

مېھمانلار ئانچە كوپ ئەمەس، بار-يوقى
باسىت، تاشماق، غوجى، شوپۇر يىگىت ۋە
ھاۋايى - ھەۋەس ئۈچۈن چاقىرىپ كېلىن-
گەن راۋاپچى غولام ئىدى.

مېھمانلار ئوزىگە مۇناسىپ ئورۇنلاردا ئول-
تارغاندىن كېيىن، داستىخان سېلىنىپ سىن-
چاي قۇيۇلدى، ئارقىدىنلا ھەر بىر كىشىنىڭ
ئالدىغا خونچىلاپ ھالۋا تارتىلدى، داس-
تىخان ئانچە غورىگىل ئەمەس ئىدى،
دەستە - دەستە - مەزەدىن باشقا، قەندەل-
لەرگە سېلىنغان گېزەكلەر بىلەن تەخسىلەر-
گە توشقۇزۇلغان كىشمىش ، مېغىز، چىلان-
لار كاناپ داستىخانىنىڭ يۈزىنى كورسەت-
مەيتتى. سىنچايدىن،كېيىن بەزىلەر مېغىز
چايناپ، بەزىلەر كىشمىش شوراپ ئوز-
ئارا پاراڭغا چۈشتى. باستىنىڭ كەيپى
خوش، ئوزى بەك تەكەللۇپچان ئىدى،
ئۇ بايىقى يىغىن ھەققىدە بولۇۋاتقان گەپ-
سوزلەرنى ھوزۇر قىلىپ ئاڭلاپ، ئولتۇرۇپ
بىر ئىش ئېسىغا چۈشتى بولغاي، دەرھاللا
تاشماقتىن سورىدى:

— ھىلىقى چۇپۇر باش قېرىنىڭ ئىسمى
نىمىتى؟

— ئەشرەپ شۇمەك، — دېدى تاشماق ئۇنىڭ لەقىمىنى قوشۇپ. باسىت داتلاندى:

— ئۇ كىم ئەمچەك سالسا شۇنى ئانام دەيدىغان توگە مىجەز قاخشاش ئىكەن.

مىس چەينەكتىن چاي قۇيۇپ ئولتارغان سەيدىن قارى قوشۇپ قويدى:

— ئۇ تېخى دادۇينىڭ تېخنىكى، ئىلمىي تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى.

ھە؟! — باسىت ھەيران بولغاندەك دېمىقىنى قاقتى، — ھىم ... تېخنىكمىش! قوي قوتىنى بىلەن توخو كاتىكىنىلا ئويلايدىغان ئۇنداق پور كوتەكتىن تېخنىك چىقامدۇ؟!

— شۇ ئەمەسمۇ! —تاشماق دەرھاللا لوقما سالدى، —تېخنىكمەن دەپ ئۇن نەچچە يىلدىن بىرى چوڭ دەرەخنىڭ سايىسىدا سەكرەپ كېلىۋاتىدۇ ...

— قىلغان ئىشلىرىمۇ ئاز ئەمەس! —غوجى قېيىدىغان ئاۋازدا ئۆكتە قوپتى، —ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ، كوزىمىزنى قىيامەتنىڭ مۇشۇ كىندەك پاقىراتماق بولماس!

ياشتا كىچىك بولغاچقا ئەدەپ ساقلاپ ئولتارغان غولام بىرىنچى قېتىم ئېغىز ئاچتى:

— ئەشرەپ تېخنىكنىڭ بىر كاتتا ئىشى ھازىرغىچە ئېغىزدىن چۈشمەيدۇ، — دېدى ئۇ ئىنچىكە بۇرۇتلىرىنى چىمداپ ئولتۇرۇپ، — ئۇ بۇغدا يلىرىمىزنىڭ كۆشەندىسى ئاپىخاننى يوقۇتۇپ، دېخاننى ئوھ دېگۈزدى، ھېلىغىچە ئېسىمدە، قايسى بىر يىلى ھە، ھىلىقى ئوسمان قوشقار كەنجى ئوغلىنىڭ خەتمىسىنى قىلغان يىلى بىزنىڭ يەرلىرىمىزنى ئاپىخان بېسىۋېلىپ، بۇغدايلىرىمىز پاقا ئوتىدا يېتىپ يەيدىغان بولۇپ قالغان، شۇ چاغدا بىز بىرمو يەردىكى ئاپىخاننىسا نىساق، توققۇز يۈز يەتمىشنىڭ توپكە يېتىپ، بۇغدا يدىن 2—3 ھەسسە ئېشىپ كېتىپتىكەن، ھەر يىلى ئوتىماق ھەر يىلى چىقاتتى، شۇ دېخانلار: "بورى بىلەن ئاپىخاننى يەر يۈزىدىن تۈگەتكىلى بولمايدۇ" دېيىشەتتى، لېكىن ئەشرەپ تېخنىك ئىككى يىل ئاپىخاننىڭ پېيىگە چۈشۈپ، كېچىسىمۇ ئۇخلىماي تەتقىق قىلىپ، ئاخىرى دادۇي تەۋەسىدە ئاپىخاننىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتىۋەتتى ئەمەسمۇ؟!....

تاشماق چوغ دەسسىۋالغاندەك تىپىرلاپ كەتتى. ئۇ غوجى بىلەن غولامغا يەر ئاستىدىن بىر ھورپەيدى— دە، پىسىگىزدەك سانجىش ئۈچۈن ئېغىزىنى ئۈچلاپ، ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈۋېدى، باسىت ئۈستىلىق بىلەن گەپنى ئەپ قاچتى:

— ئانچە — مۇنچە قىلغان ئىشلىرىمۇ باردۇ، — دېدى ئۇ سالاكەشلىك قىلىپ، —لېكىن تالىپلار يوغان سەللىنى ئورىۋالغان بىلەنلا ئىشانلىق كامالىغا يەتتى دېگىلى بولمايدۇ، ئۇلار يەنىلا ھوجرىسىدا «ئەشرەقەتمەن» نى قىرائەت قىلىپ يۈرۈۋېرىدۇ. مېنىڭچە، بۇنداق ئادەملەر ئاخىرقى ھىساپتا سوتسىيالىزىمنىڭ ھۇلىنى كولاپ يەيدىغان مىتە!— ئۇ تاشماققا قارىدى، — ئۇ قېرىنىڭ تەۋەلىكى ١—ئىشلەپچىقىرىش دۇيىدىمۇ؟ھە، ئۇنداق بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئېتىزغا چىقىپ كەتمەن چاپسۇن، ئون نەچچە يىلدىن بىرى "تېخنىكمەن" دەپ بىكار لاغايلاپ يۈرگىنىمۇ يېتەر! ...

باغ ئىچىدىن دورا — دەرمەكلىرى تەگمىگەن كاۋاپنىڭ مېزىلىك ھىدى تارالدى، تاشماق ئاغزىدىكى سېرىق سۈنى غۇرتتىدا

يۇتۇۋېتىپ، باستىنىڭ ئالدىدىكى قەن -
كېزەكلەرنى لىرى - بېرى ئىتتەردى- دە ،
ئورنىغا يوغان دالدىن بىرنى قويۇپ قوي-
دى، كۆكۈم چۆشۈپ قالغاچقا ، سۇپىنىڭ
ئىككى تەرىپىگە لامپا ياندۇرۇلدى، كاۋاپ-
چى يىگىت مايلىرى پىژىلداپ ئېقىپ تۇر-
غان ئونزىختەك كاۋاپنى باستىنىڭ ئال-
دىدىكى نانىنىڭ ئۈستىگە قويدى، سەيدىن
قارى تەكلىپ قىلغاچ ئۇزرە ئەيتتى:

- قېنى باست مۇدىر، ئېغىز تەگسىلە،
داسقىنىمىز چوپچىلرەك...

باست يېرىم مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىيە
ياغىچىدىن ياسالغان زىختنى قولىغا ئالدى،
ئارقىدىنلا هاراق كەلتۈرۈلدى، تاشماق
بىرىنچى رۇمكىنى باست بىلەن ئۇزىگە
قۇيدى. باست ئاغزىدىكى كاۋاپنى خۇددى
قاشاڭ هوكۇزدەك چاينايى ئولتۇرۇپ رۇم-
كىنى قولىغا ئالدى:

-خۇشچاخچاق قەدەهلەرنىڭ ماۋزۇسى
داهايىتى كوپ،- دىدى ئۇ سەل - پەل قى-
مىرلاپ،- لېكىن مەن بۈگۈن ئۇ ماۋزۇلارغا
تەگمەيمەن، پىكرىمچە، بىرىنچى قەدەهنى
دوستلۇق - ئىنىاقلىغىمىز ئۇچۇن كوتۇرۇش-
نى ئىلتىماس قىلىمەن!...

- باركاللا! دىدى سەيدىن قارى هاياـ
جانلىنىپ،- ئۇممەتىمىز پەيغەمبەر، مورىتـ
ىمىز پىر يوق، ئاللاهەزەل بىزمۇبىر - بىرى-
مىزگە ئىجىل بولۇپ ئوتىشىمىز كېرەك ،
قېنى مېهمانلار، كەڭ - كۇشادە ئولتۇرايلى،
ئېنى كەڭ تاۋاردەك ئېچىلىپ ئولتۇرايلى!

- خوش!- باست رۇمكىنى بىرا قىلا
كوتەردى.

ئىككىنچى رۇمكا سەيدىن قارىنىڭ ئال-
دىغا قويۇلدى، ئۇ دەسلاپ ئۇزرە ئېيتقان
بولسىمۇ، لېكىن هەر قانداق ئادەمنىڭ مى-

جەز - خۇلقىغا قاراپ مۇناسىۋەت قىلىشنى
بىلىدىغان سۇلكەتلىك بۇ ئادەم باستىنىڭ
زورلىشىدىن كېيىنلا سەللىسىنى يېنىغا ئې-
لىپ قويۇپ پەتىۋا توقىدى:

- قۇرئاندا بىر ئايەت بار، ئاللاهەزەل
ئايەتتە شەك يوق، ئۇنىڭدا هاراق، قىمار،
چاخچاق، اجازانە شەيتانىنىڭ پەيلى دى-
يىلگەن، هارام دەپ مەنئى قىلىنمىغان ،
شۇڭا هوكىمالار: هاراق پادىشادۇر،
مۇسەللەس ۋەزىر، نىشە پاسكىنادۇر ،
بوزا بى نەزىر دەيدۇ ...

- قېنى قارىم ، كوتۇرىۋەتسىلە ، - دى-
دى تاشماق تەقەززا بولۇپ ، - شەرىئەت-
نىڭ 72 پۇتىغى بار دەيتىكەن ، شۇ پۇتاق-
لارنىڭ بىرسى مانا شۇ ، دەم غەنىمەت ،
دىدار غەنىمەت ، ئىچەيلى ، قۇلىغىمىز
مىدىرلاپ ، قىچى سايغا چىققىچە ئى-
چەيلى !

سەيدىن قارى رۇمكىنى ئىككى قوللاپ
كوتەرگىنىچە بىرلا نەپەس بىلەن ئىچىۋەت-
تى ، غوجى سەسكىنىپ كەتتى ، خۇددى
قەينى ئاتىسىنىڭ قولىدىكى هاراق ئۇنىڭ
بېشىغا توكۇلگەندەك بەدىنى شۇركەندى...

ئۇچ رۇمكا هاراقتىن كېيىن باستىنىڭ
قانلىرى دولقۇنلاپ ، كوزلىرى ئېلىشتى ،

- قېنى غولامجان ، دۇتارىڭنى بىر
سايراتقىنا يىگىت ، - دىدى ئۇ يېنىدىكى
ياستۇققا سەل قىڭغىيىپ .

غولام دۇتارنى سازلاپ ، " نىمىگە چا-
لاي " دىگەندەك ئىككى تەرىپىگە قارىدى،
تاشماق قولىنى شىلتىدى :

- چال ئۇكا ، كوڭلۇڭ پادىشا .

باست قوشۇپ قويدى :

- « تاهىر - زوهرا » دىن باشلاپ «غې-
رىپ-سەنەم» گىچە ئۇرىۋە !

دۇتار سايرىدى ، مۇڭلۇق پائۇزىدىن
كىيىن غولامنىڭ سۇزۇك ، جاراڭلىق ئا -
ۋازى مۇشاۋىرەك مۇقامىنىڭ داستانىغا
يائگرىدى :

سەنەمنىڭ دەردىنى دەپتەر قىلىپ خەتكە
يېزىپ بولماس،
ئۇنىڭ ئەسرارىنى بى پەھمىلەرگە شەرھى
ئېتىپ بولماس،
جۇدالىق خەنجىرى بىرلە يۈرەكىم چاك -
چاك بولدى،
يۈرەكىم زەخمىنى بى زەخملەرگە كورسۇ -
تۇپ بولداس ...

غولام مۇقامنىڭ ئاخىرىنى شوخ پەدى -
لەرگە ئۇلاپ كەتتى :

لاچىن بولۇپ ئەگىيمەن،
هويلاڭدا - تېرەگىڭدە.
بېلىق بولۇپ ئوينايمەن،
مەيدەڭدە - يۈرەگىڭدە.
باغىڭ هاۋالىق،
ئويناي خۇمالىق.

باست ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى.
- پاھ ! ... ئاتەش - ئاتەش ... -دې-
دى ئۇ يوتىسىغا چاۋاكلاپ .
غولام ئاھاڭ يوتكىدى ، ئاۋازى يەنە
شۇنداق شوخ ھەم يېقىملىق ئىدى :

ئۇيان ئوتۇپ، بۇيان ئوتۇپ،
ئالاي كوڭلۇڭنى.
قارچۇغىنىڭ بالاسىدەك،
ئىگەي بوينۇڭنى.
بادام قاپاق،
سوسەر تۇماق،
هالىمنى سورساڭچۇ ؟!
.................

- سايرا - سايرا ! - تاشىماق دوس
تارتقاندەك ۋاقىرىدى .

داخشا باستىنى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇ-
رۇپ كەتتى ، ئەندى ئۇنىڭ قۇلىقىغا داخ-
شىمۇ ، دۇتارمۇ ئاڭلانمايتتى ، ئۇنىڭ
قان توشقۇزۇلغان پىيالىدەك قىزىرىپ
كەتكەن كوزلىرى سۇپىنىڭ ئۇدۇلىدىكى
ئۇچۇق ئىشىككە باغلىنىپ قالغان ئىدى ،
ئەنە شۇ يەردە - ئۇچۇق ئىشىكنىڭ ئىچىد -
دىكى ئايۋاندا ئايخان ئاش يېيىۋاتاتتى،
ئۇنىڭ بېشى تەرەپتىكى تاكچىدا ياندۇ -
رۇلغان لامپا قىزنىڭ ئوماق يۈزى بىلەن
كېلىشكەن بەستى - بويىنى باستقا تولۇق
كورسۇتۇپ تۇراتتى ، باست ئۇنىڭ ئەپ -
چىل ھەركەتلىرىگە - خېمىرنى ھەربىر ياي-
غاندا بەللىرىنى نازاكەت بىلەن ئىگىشىگە،
يۇمران كوكسىگە چۇشۇۋالغان تال - تال
چاچلىرىنى بويۇن سىلكىپ ئارقىغا تاشلى-
شىغا ئەس - ھۇشىنى يوقاتقان هالدا زا -
رىقىپ قاراپتتى...

باستىنىڭ كوزلىرى تالدى ، توۋا !
ئايخاننىڭ شۇنچە باغرى تاشمىدۇ ؟ يۈز
قارىغاندا بىر قاراپ قويسا كاشكى ! ئۇ
يەنە ئوزىنى بەزلەيتتى : قىز دىگەندە
ئۇنچىلەك ناز بولمىسا ، قىزلىقىنىڭ نىمە
قىممىتى ! ...

هاراق ئۇستىگە ئايخاننىڭ كەيپى قوشۇ-
لۇپ ، باستىنى خېلىلا ئەپ قويدى ، ئۇ -
نىڭ ئايخانغا تولا قاراپ تالغان كوزلە -
رى ئەمدى ئۇچ بۇرجەك بولۇپ قىسىلدى،
ئۇ ئاخىرقى بىر رومكىنى غوجى بىلەن ئۇ-
رۇشتۇردى - دە ، غولامغا قولىنى شىلتاپ
دۇدۇقلىدى :

- چال ... ئوكا ... ئويناپ ...
كولىمىز ...

خوش كەيىپ بولغان غولام دۇتارنى
تېخىمۇ زوق بىلەن ئورۇشقا باشلىدى :

يىراق يولدىن قورقمايمەن،
شامال يەتمەس ئېتىم بار .
لەۋەن يارغا ئۈچ بۇرجەك،
قاتلاپ قويغان خېتىم بار.

ئالما ـ ئانارىڭ قەندەكمۇ؟
سۆيگەن يارىڭ مەندەكمۇ ؟...

ئۇنىڭ ئاۋازى شوخا بىلـەن چىتلانغان
باغ تېمىدىن ھالقىپ، جىم ـ جىت كېچىدە
يىراقلارغا كەتتى ...

× × ×

باستىنىڭ كوزلىرى مەستانىلىشىپ ،
ئىشىق ئوتىدا ئۆكلەنگەن كالـلىسى ياس ـ
تۇققا قىڭغايغان ۋاقىتتا ، ئەشرەپ بوۋاي
بىلەن ئىككى ئىشلەپچىقىرىش دۆيىنىڭ
دۆيجاڭلىرى توختى شۆجىنىڭ ھويلىسىدى ـ
كى بېدىشلىك ئاستىدا پاراڭلىشىپ
ئولتۇراتتى .

ـ ۋاقىت ئوتـۈۋاتىدۇ ، كاككۇك پوقاق
بولغاندا تېرىلغان زىرائەتلەر قانداق پـ
شىدۇ ؟ ـ دىدى ئەشرەپ بوۋاي ئەلەم بىـ
لـەن خۇرسىنىپ .

ھاشى كوممۇنىست زەردە قىلدى :

ـ ئۇلاردا نىمە غەم ! ؟ پىشـماي قالسا
باست مۇدىر قولتىغىدا بولسىمۇ پۇشۇرۇپ
يەيدۇ ...

ـ زادىقانداق قىلىمىز ؟ ! ـ يەنە بىر
دۆيجاڭ توختى شۆجىغا قارىدى ، ـ يە
باست مۇدىرنىڭ قارارى بويىچە ئىش ـ
لەيمىزمۇ ؟

توختى شۆجى بەستىلىك گەۋدىسىنى
كوتـەردى :

ـ ياق ، ئوز قارارىمىز بويىچە ئىش ـ
لەيمىز ، پارتىيە لەنگەرنى لەنگەر خەلقى
بىلەن ئۇنىڭ ياچېكىسىغا تاپشۇرغان ،ـدىـ
دى ئۇ قەتئى قىلىپ ، ـ قىشتىن بېرى
پوقاق سوگەتنىڭ كاۋىكىدا ياتقان ھوپۇپـ
لەر ئەمدى بىزنىڭ بېشىمىزغا چاڭگا سالـ
ماقچى بوپتىمۇ ! ؟ ھەددى ئەمەس !...

## تېپىشماق

قەمەرجان

ئوزى مۇلايىم ياۋاش ، ھەم سېخى
چىقىدۇ بۇرۇن مىۋىسى ، بىغى.
چېچىگى يوق ئۇنىڭ شوپىگى تېخى،
يىسە ئېغىزغا تەگىدۇ نېخى

بۇ نىمە؟

## تەنقىت ۋە تەقرىز

# «تۇتىيا» غا مەدھىيە

ياسىن خۇداۋەدى

يازغۇچى ئابلىمىت ھاجىنىڭ «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ 1982- يىللىق بىرىنچى سانىغا بېسىلىپ چىققان «تۇتىيا» دېگەن ھېكايىسىنى ئوقۇپ چوڭقۇر تەسىرلەندىم ھەم ئىلھاملاندىم. چۈنكى ھېكايە قىسقا بولسىمۇ، مەزمۇنى خېلى چوڭقۇر، ئىدىيەۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتە خېلى - خېلى ھېكايىلەردىن ئۈستۈن تۇرسا تۇرىدىكى تۆۋەن تۇرمايدۇ. ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى نېخى ئۇيغۇر تىلىدىكى ھېكايىلىرىمىزدا تىلغا ئېلىنمىغان تېما بولۇپ، ئابدۇسوپۇردىن ئىبارەت ۋەتەنپەرۋەر مۇھاجىرنىڭ تىپىك ئوبرازى ئارقىلىق چەتئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، يۇرتىنى، يولداشلىرىنى چوڭقۇر سېغىنىدىغان ئالىي جاناپ روھىنى، ۋەتەنگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى، تەلپۈنۈشىنى، يۇرتنىڭ بىر سىقىم تۇپىسىنى "تۇتىيا" بىلىپ، ئۇنى ئاجايىپ چوڭ ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن قەدىرلەيدىغانلىقىنى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەتتە رېياللىزىم بىلەن رومانتىزىمنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرگەن ھالدا ناھايىتى ياخشى ئەكس ئەتتۈرگەن. مېنىڭچە ھەر قانداق بىر جۇڭگولۇق بۇ ھېكايىنى ئوقۇسا ئۇنىڭدىن تەسىرلەنمەي، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى ئالماي قالمايدۇ.

مۇبادا نېخى تىلغا ئېلىنمىغان تېمىلاردا ئەسەر يېزىش بوسۇش ھېساپلىنىدىغان بولسا، چەتئەللەردىكى مۇھاجىرلىرىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن «تۇتىيا» دىن ئىبارەت بۇ ھېكايىنى ھېكايىچىلىقىمىزدىكى چوڭ بىر بۆسۈش دېسەك بەلكىم ئاشۇرۇۋەتكەن بولماسمىز.

ھەممىگە مەلۇم، ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى زۇلمەتلىك زامانلاردا نۇرغۇن جۇڭگولۇقلار تۇرمۇش

يولى ئىزدەپ يەنە باشقا ھەر - خىل ئىجتىمائىي سەۋەبلەر بىلەن ئۆز ۋەتىنىنى، ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ، دېڭىز - ئوكيانلارنى بېسىپ، تاغ - داۋانلار ئېشىپ، بۇ يېنى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىن تارتىپ ئاۋستىرالىيىگىچە، ئۇ يېنى ئوتتۇرا ئازىيە، ياۋروپادىن تارتىپ ئامېرىكىغىچە ۋە يېقىن شەرق، ئوتتۇرا شەرقتىن تارتىپ جەنۇبىي ئافرىقىغىچە بېرىپ، شۇ يەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئىدى. ئۇلار ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۆز ۋەتىنى - ئۆز دىيارىدىن ئايرىلىپ، تۈرلۈك مەملىكەتلەردە ھايات كەچۈرۈپ كەلدى. ئۇرغۇنلىرى شۇ يەرلىك بولۇپ كەتتى، شۇ ئەلنىڭ گىراژدانى بولۇپ كەتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى "ئۆزۈم ھەر جايدا مەن، كۆڭلۈم سەندە دۇر" دېگەندەك، سۆيۈملۈك ۋەتىنىنى، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتىنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارمىدى. ئۆزى ھەر جايدا بولسىمۇ، كۆڭلى ۋەتەندە بولدى.

مەن 1955- يىلى 1- قېتىملىق جۇڭگو ھاجىلار ئۆمىكى بىلەن سەئۇدى ئەرەب، مىسىر، پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق مەملىكەتلەردە زىيارەتتە بولغان چاغلىرىمدا بۇ ئەھۋالنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىدىم. 1958- يىلى پاكىستانغا بارغاندىمۇ خۇددى شۇنداق ئەھۋالنى ئۇچراتتىم. مەككە، جىددە، كاراچى، لاھور ۋە يېڭى دېھلى قاتارلىق شەھەرلەردە تۇرۇشلۇق مۇھاجىر قېرىنداشلار بىزنىڭ كېلىدىغان خەۋىرىمىزنى ئاڭلاپ "يۇرتداشلىرىمىز بىلەن كۆرۈشۈپ، ۋەتىنىمىزنىڭ، يۇرتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقىدىغان بولدۇق، ئەندى قۇلىقىمىز پاكىدە ئېچىلىدىغان بولدى" دەپ خۇشال بولۇشۇپ، تۆت كۆز بىلەن يولىمىزغا قاراپ تۇرۇشقان. ھەتتا 80-90 ياشقا كىرگەن ئۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قېرىپ قالغىنىغا قارىماستىن يىراق - يىراق يەرلەردىن، ھەتتا باشقا دۆلەتلەردىن ئۇرغۇن راسخوتلارنى قىلىپ بىز بارغان شەھەرلەرگە يېتىپ كېلىشكەن، بىز چۈشكەن ھەربىر مېھمانخانىغا ئۈچتىن-تۆتتىن، ھەتتا ئون-يىگىرمىدىن توپ-توپ بولۇشۇپ بىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن ئادەملەرنىڭ ئايىغى تاكى بىز شۇ شەھەردىن يوتكۇلۇپ كەتكىچە ئۈزۈلمىگەن ئىدى. ئۇلار بىز بىلەن ئىنتايىن قىزغىن كەيپىياتتا كۆرۈشەتتى، ھەتتا بەزىلىرى بىز بىلەن خۇددى ئاتا - ئانا، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىدەك قۇچاغلىشىپ كېتەتتى. قولىمىزنى، كىيىملىرىمىزنى سۆيۈپ، كۆزلىرىگە سۈرتىشەتتى. بەزىلىرى ئۆزلىرىنى تۇتالماي ئىختىيارسىز ھالدا كۆز يېشى قىلاتتى.

بىز ئۇلارغا ۋەتىنىمىزنىڭ ئازاتلىقتىن كېيىنكى ئەھۋالىنى، تەرەققىياتىنى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرى قەشقەر، ئاتۇش، خوتەن، كۇچار، تۇرپان، ئىلى، ئالتاي قاتارلىق يەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردۇق، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى بىزنىڭ سۆزىمىزنى ھەممە دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئاجايىپ ئىشتىياق بىلەن ئاڭلايتتى ۋە ئۆز ۋەتىنىدە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى، تەرەققىياتلارنى، يۇرتداشلارنىڭ، ئۇرۇق - تۇغقان، قەۋمى قېرىنداشلارنىڭ ساق - سالامەت بارلىقىنى، ھال-ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇرسەن بولۇشۇپ، خاتىرجەم بولۇشقان ئىدى.

بىز ئۇلارغا ھۆكۈمىتىمىزنىڭ چەت ئەللەردىكى مۇھاجىرلارغا قاراتقان سىياسىتىنى چۈشەندۈرگىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى تۈگۈن يېشىلىپ، گۇمان - ئەندىشىلىرى خېلى كۆتۈرۈلۈپ، پۇرسەت بولغاندا ۋەتەنگە قايتىپ كېتىشنى ياكى ئۆز يۇرتىنى كۆرۈپ كېلىش

ئۈچۈن ۋەتەنگە بېرىشنى ئۈمىت قىلىدىغانلىغىنى بىلدۈرۈشكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ۋەتەننى شۇنچىلىك سېغىنغانلىقى، كۆڭلىدىكى ۋەتەنگە بولغان سېغىنىش ئوتىنىڭ يالقۇنىنى باسالماي ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتكەن ئىدى. بىز ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ «بۇيەردىمۇ ياخشى تۇرۇۋېتىپسىلەر، ھال-ئەھۋالىڭلار خېلى ياخشى ئىكەن» دېسەك، ئۇلار: «مىسىرنىڭ پادىشالىغىدىن كەنئاننىڭ گادايلىغى ياخشى» دەپتىكەن، ھال-ئەھۋالىمىز ھەر قانچە ياخشى بولغان بىلەن ئۆز يۇرت-ئۆز ۋەتەنگە يەتمەيدىكەن، ئۆز ۋەتەن دېگەن باشقاگەپكەن دېيىشكەن، شۇندا قىلا ئۇلار بىزگە ۋەتەننى-يۇرتنى قالتىس سېغىنغانلىغىنى ئىپادىلەيدىغان، ۋەتەننى-يۇرتنى مەدھىيىلەيدىغان نۇرغۇن ئوبرازلىق گەپلەرنى قىلىشقان ئىدى. ئەپسۇسكى ۋاقىت ئۇزۇن بولغانلىقتىن، بۇ گەپلەرنىڭ كۆپچىلىگىنى ئۇنتۇلۇپ قاپتىمەن. ئۇنىڭدىن ھازىر ئېسىمدە قالغانلىرى ئەنە شۇلار.

«ياندىكى ھەمسىيەنىڭ قەدرى يوق» دېگەندەك، ئۆز ۋەتىنىدە تۇرغان چاغدا ئادەم ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىكەن، يۇرتىدىن ئايرىلىپ چەت ئەلگە كەلگەندە ۋەتەننىڭ قەدرىگە قالتىس يېتىدىكەن. ۋەتەننىڭ ھەممە نەرسىسى كىشىگە «توتىيا» كۆرۈنىدىكەن.»

«ئاتۇشنىڭ ئەنجۈرى، بەشكېرەمنىڭ ئانارى، پەيزىۋاتنىڭ قارا كوكچىسى، ئالتاينىڭ قىمىزى، ئېلىنىڭ ئالمىسى، تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى نېمە دېگەن شېرىن، نېمە دېگەن لەززەتلىك-ھە! شۇلارنى ھەر بىر ئەسلىگىنىمىزدە ئاغزىمىزغا سېرىق سۇ كېلىپ كېتىدۇ.»

«ھويلىدىكى ئۈزۈم بارىگىنىڭ تېگىدە بالا-چاقىلار بىلەن دەرقەمتە جوزىنى ياقىلاپ ئولتۇرۇپ، چامغۇر بىلەن يۇمغاقسۇت سالغان ئۇگرە ئاش ئىچىش ئادەمگە نېمە دېگەن ھوزۇر، نېمە دېگەن راھەت-ھە؟! مۇشۇنى ئويلاپ خۇدايىم قانات بەرسە، بىر كېچىدىلا ئۇچۇپ يۇرتىمىزغا قايتىپ بارغىمىز كېلىپ كېتىدۇ.»

مورىتى كەلگەندە شۇنىمۇ ئەيتىپ ئۆتەيكى، ۋەتەننى سېغىنىش، چەت ئەللەردىكى ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ قالغان مۇھاجىر قېرىنداشلاردا كۆرۈلىدىغان روھىي ھالەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قىسقا مۇددەت بىلەن چەت ئەلگە زىيارەتكە چىققان كىشىلەردىمۇ تەبىئى ھالدا كۆرۈلۈدىغان روھىي ھالەت، مەن بۇنى ئەشۇ ئىككى قېتىم چەت ئەلگە چىققاندا چوڭقۇر ھېس قىلغان ئىدىم. مەنلا ئەمەس مەن بىلەن بىللە چەتكە چىققان كىشىلەرنىڭ ھەممەسى شۇنداق ھېسسىياتتا بولغان ئىدى. ھەر قېتىمقى زىيارىتىمىزنىڭ ۋاقتى ئانچە ئۇزۇن بولمىدى. ئالدىنقىسى 3 ئاي، كېيىنكىسى ئىككى ئاي بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى-ئۈچ ئاي بىزگە ناھايىتى ئۇزۇن بىلىنىپ كەتكەن ئىدى. بۇ جەرياندا بىز ھەقىقەتەن ۋەتەننى قالتىس سېغىنىپ كەتكەن ئىدۇق. ھەر قېتىم چەت ئەللەردىكى ئەلچىخانىمىزغا بارغاندا، ئۇنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىگە قادالغان جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايرىغىنى كۆرۈپ، ئەلچىخانىدىكى يولداشلار بىلەن كۆرۈشۈپ، جېنىمىز سۈيۈنۈپ كەتكەن ئىدى. خۇددى ئۆزىمىزنىڭ ئائىلىسىگە كېلىپ قالغاندەك تىنىمىز يايراپ، كۆڭلىمىز ئېچىلىپ كېتەتتى. ئەلچىخانىدا تەييارلانغان جۇڭگوچە ھەر خىل تاماقلارنى ئالاھىدە ئىشتىھا بىلەن يەپ، بولەكچە ھوزۇرلىنىپ كېتەتتۇق. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر شائىرى مەرھۇم نىم شېھىت ئەرمىيە 1956-يىلى ھەج سەپىرىدە «سېغىندىم» دېگەن

بىر شېھىر يازغان ئىدى . چەتئەللەردىكى جىمى مۇھاجىرلارنىڭ ۋە زىيارەت ئۈچۈن چەتئەلگە بارغان جىمى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئالى جاناپ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى، ۋەتەنگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتى شېھىرىي تىل بىلەن مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن. باشتىن - ئاخىر ئالى جاناپ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى چاقناپ تۇرىدىغان بۇ شېھىردا مۇنداق مىسرالار بار ئىدى :

سېغىندىمەن، سېغىندىمەن، سېغىندىم،
ۋەتەن سېنى تەشنا بولۇپ سېغىندىم.
مېھرىڭ تولغان يۈرۈگۈمدە سېغىندىم،
دولقۇنلىغان كوكرىكىمدە سېغىندىم.

ئۇلىسەم تېنىم قۇچىغىڭدىن جاي ئالسۇن،
پاك ۋەتىنىم روھىم سەندە شاتلانسۇن.
شۇنىڭ ئۈچۈن تىزرەك ساڭا يەتسەم دەپ،
توت كوز بىلەن كېچە-كۈندۈز سېغىندىم.

بۈكەمگىچە ئايرىلمىغاچ سېنىڭدىن،
لەززەتلىنىپ شىرىن - شەرۋەتلىرىڭدىن،
يولغا چىققاچ قەدرىڭ ئۆتتى جېنىمدىن،
تۇپرىغىڭنى كوزگە سۈرتەي، سېغىندىم.

.....................................

.....................................

نىم شېھىتىنىڭ سېغىنىشلىق سالامى،
سېغىنغاندىن باشقا يوقتۇر كالامى.
قىزىل گۈلگە بۇلبۇل شەيدا بولغاندەك،
سەن گۈلۈستان ۋەتىنىمنى سېغىندىم.

# ئەدەبىي ئەسەرلەرگە سىزىلىدىغان قىستۇرما رەسىم توغرىسىدا

مەھەممەت ھېيت

رومان، پوۋېست، ھېكايە، ئوچېرىك
ۋە شېئىر قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرگە سى-
زىلغان قىستۇرما رەسىملەرنىڭ ئالاھىدە
رولى بار. ياخشى ئىشلەنگەن قىستۇرما رە-
سىملەر ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى كون-
كرېت بولغان جانلىق ئوبرازلار ئارقىلىق
ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىتابخانلارنى ئەسەرگە
جەلپ قىلىش بىلەن ئۇنىڭ مەزمۇنىنى
چوڭقۇر چۈشۈنۈۋېلىشقا ياردەم بېرىدۇ.
ئەدەبىي ئەسەردىكى مۇھىم پېرسوناژلارنىڭ
خولقى - مىجەزى، خاراكتېرى ۋە ئىدې-
يىۋى ھېسسىياتىنى رەسىمچىلىق تىلى
بىلەن تەسۋىرلەپ، ئەسەرنىڭ كىتابخانلارغا
بېرىدىغان تەسىرىنى كۈچلەندۈرىدۇ. ئەك-
سىچە ناچار ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىم-
لەر ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئەسلىدىكى مەزمۇنى
ۋە بەدىئىيلىكىگە تەسىر يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ
كۈچىنى كېمەيتىدۇ.

بەزى مۇھەررىرلەر قىستۇرما رەسىمنىڭ
ياخشى - ناچار سىزىلىشىغا دىققەت قىل-
ماستىن، ئۇنى پەقەتلا كىتاپ ۋە ژورناللار-
نىڭ بەتلىرىنى كۆركەم قىلىش ياكى ئاز-
راق بوش ئورۇننى تولدۇرىۋېتىش ئۈچۈن-
لا ئىشلىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە رەسىمنى
ئىشلىگۈچى ئاپتورنىڭ ئىسمىنى باسمايدۇ.
ئىسمى بولمىغان ئەسەرنىڭ مەسئۇلىيەت-
چانلىقىمۇ كۈچلۈك بولمايدۇ.

قىستۇرما رەسىملەر ئەدەبىي ئەسەرلەر-
نىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ ئەدەبىي
ئەسەرلەرنىڭ ۋەقەلىكىدىن، مەزمۇنىدىن
ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن ئايرىلمايدۇ.
شۇڭلاشقا ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قىستۇرما رە-
سىملەرنى ئىشلەشتە ئەستايىدىل بولۇش
لازىم. ھەرگىزمۇ قولنىڭ ئۇچىدا كەلسە -
كەلمەس ئىشلەپ قويۇشقا بولمايدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەرگە سىزىلىدىغان قىس-
تۇرما رەسىملەرنى قانداق قىلغاندا ياخشى
ئىشلىگىلى بولىدۇ؟

1) موھىمى رەسسام مەلۇم دەرىجىدە ماھا-
رەتكە ۋە سەنئەت تەربىيىسىگە
ئىگە بولىشى كېرەك. قىس-
تۇرما رەسىم سىزىشتىن ئىلگىرى ئال-
دى بىلەن ئەسەرنى ئوقۇش لازىم. ئو-
قۇشتىن مەقسەت - ئەسەرنىڭ قانداق تا-
رىخىي دەۋرنى تەسۋىرلەيدىغانلىقىنى
ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى چۈشىنىشتىن
ئىبارەت. شۇنداقلا ئەسەردىكى ئاساسىي
قەھرىمانلار زادى قايسىلار، ئۇلارنىڭ
ئەسەردە تۇتقان رولى ۋە ئالاھىدىلىكى،
خاراكتېرى قاتارلىقلارنى ئوقۇش ئارقى-
لىق پۇختا چۈشۈنۈش كېرەك. ئۇقۇغاندا
يازغۇچىنىڭ شۇ ئەسەرنى قانداق جايلاش-
تۇرغانلىقى، ئەسەرنىڭ تۈگۈنى، راۋاجى،
كولمىناتسىيە نۇقتىسى قاتارلىقلار قانداق
تۈزۈلگەنلىكىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشمۇ
مۇھىم.

2) مەركىزىي نۇقتىسىنى تېپىش: قىس-

تۈرمە رەسىم ئىشلەمەكچى بولغان ئەسەرنىڭ تۈپ ئىدىيىسىنى توغرا چۈشەنمىگەندە، سىزىشقا تېگىشلىك مەركىزىي ئوبيېكتلارنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئوقۇش جەريانىدا مۇھىم ئوبرازلارغا بەلگە قويۇپ، ئاخىردا يىغىنچاقلاپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تىپىك ۋەقەلىك ۋە قەھرىمان شەخسلەرنى، ئالاھىدىلىكلەرنى تاللىۋېلىش كېرەك.

ئىمكانىيەت يار بەرسە يازغۇچى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشمۇ ئەسەرنىڭ تۈپ ئىدىيىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىشكە ئىنتايىن پايدىلىق.

3) لايىھە ئىشلەش: ئەسەرنىڭ رەسىم سىزىلىدىغان جايلىرىنى بەلگىلىگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن دەسلەپكى لايىھەنى ئىشلەپ كۆرۈش كېرەك. بىر پارچە تۈرمە رەسىمنى ياخشى سىزىش ئۈچۈن بىرقانچىلىغان لايىھە سىزىپ، ئاندىن شۇنىڭ ئىچىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان لايىھەنى تاللاپ بېكىتىش لازىم. لايىھەدە ئادەملەرنىڭ ئوبرازى، يېشى، كىيىم - كېچەكلىرى، موھىت كۆرۈنۈشى، ۋاقىت ئەسەردىكى تەلەپ بويىچە كونكرېت سىزىلىشى لازىم.

4) مۇقىملاشقان لايىھە پۈتكەندىن كېيىن ئاخىردا ئۇنى رەسىمى سىزىپ پۈتتۈرۈش كېرەك. سىزىش ئۇسلۇبى ۋە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلار چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. بىراق سىزىش ئۇسلۇبىنى ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىگە ئاساسەن تاللىغان ياخشى. شۇنداقلا ھەرقايسى جايلارنىڭ رەسىمنى سىنىكىغا ئېلىش، مەتبەدە بېسىش شەرت - شارائىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن مۇۋاپىق سىزىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم.

ھازىر ئەدەتتە كۆپرەك قوللىنىلىدىغىنى ئاق قەغەزگە قارا سىيادا ماۋبى ۋە گاڭبى بىلەن سىزىق ئىشلىتىپ سىزىش، شۇنداقلا ئاق - قارا بېسىلىدىغان ئويما رەسىم شەكلى ئارقىلىق سىزىشتىن ئىبارەت. سىنىكىغا ئېلىش ۋە بېسىش شەرت - شارائىتى يار بەرسە رەڭلىك سىزىش، سىدام سىزىش ( سۇمياۋدا ) ئۇسۇلىنى قوللانساقمۇ بولىدۇ.

سىزىپ پۈتتۈرۈشتە رەسىمنىڭ جانسىز چىقىپ قالماسلىقى ئۈچۈن دادىللاراق قەلەم تارتىش لازىم. كۆڭۈلدىكىدەك چىقماي قالسا ئېرىنمەستىن قايتا ئىشلەش ۋە رەسىمنىڭ پاكىز چىقىشىغا دىققەت قىلىش كېرەك. رەسىمنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە كەلسەك، 32 كەسمە، 16 كەسمە ئەڭ چوڭ بولغاندا 8 كەسمە قەغەز چوڭلۇقىدا بولسا مۇۋاپىق. بەك چوڭ بولۇپ كەتسە رەسىمنى كىچىكلىتىپ سىنىكىغا ئالغاندا ئۈنۈمى ياخشى چىقمايدۇ. بەك كىچىك سىزىلسا، سىزغاندا ئىنچىكە جايلىرىغا قەلەم تەككۈزۈش ئەپسىز بولۇپ قالىدۇ.

# روبائى ۋە پارچىلار

ئابدۇسەمەت خېلىل

مەن ئۈچۈن قەدىرلىك بەكمۇ مۇئەللىم،
چۈنكى ئۇ، ئۈگىتەر ماڭا پەن - بىلىم.
خوشالمەن، ھاياتىم ئۆتسە مەنىلىك،
ئۇستازنىڭ ئەجرىدىن سۇ ئىچىپ دىلىم.

× ×

ئەمەل - مەرتىۋەڭ ئۆسسىمۇ ئەگەر،
بولغىن تېخىمۇ سەمىمى، كەمتەر.
خۇدىڭنى بىلمەي ماختىنىپ يۈرسەڭ،
باسىدۇ ئاخىر سېنى خەۋپ - خەتەر.

× ×

بىلىمسىزلىك نادانلىقتۇر ئەلۋەتتە،
نادان ئادەم قۇمتاسقايدۇ ئەگلەكتە.
ئۇنىڭدا تېپىلماس ئېنىق مۇھەببەت، نەپرەت،
ئوخشار شۇڭا ئۇ بىر يىپسىز لەگلەككە.

× ×

قورقۇنچاقلىق نامەرتلەرگە خاس،
قەھرىمانلىق مەرتلەر خىسلىتى.
كۆرەشلەردە قەيسەر بولمىساڭ،
ھاياتىڭنىڭ نىمە قىممىتى؟!

× ×

ئىتلار قاۋاپ توسسىمۇ يولنى،
توختىمايدۇ كارۋان سەپەردىن.
توسقۇن يىرىپ داۋانلار ئاشالڭ،
گۈل تاقايسەن چوقۇم زەپەردىن.

× ×

ياماللىق ئادەمگە تەقدىردىن ئەمەس،
سەن ئادەم، ياماللىق قىلمىغىن زىنھار.
ياخشىلىق قىلغىلى تۇرەلدىم دەپ بىل،
ئۆزۈڭگە بۇ يولدا بولغىل تەلەپكار.

× ×

تاغ كەبى دۆلەتكەن ئالتۇن - كۈمۈشمۇ،
بەربىر تۈگەيدۇ، بۇ چىن ھەقىقەت.
ۋەلېكىن تۈگىمەس بىلىم بايلىغى،
ئۇنىڭغا يېتىشقان خار بولماس ئەبەت.

× ×

بىلىمدىن قەلبىنى يورۇتمىسا كىم،
ھەق بىلەن ناھەقنى ئېتەلمەيدۇ پەرق.
ئۇ، ئەگەر ئۈزىلسا غەپلەت چۆلىدە،
نادانلىق كېمىسى قىلار چۆكۈم غەرق.

× ×

ھورمەت - تەبنى ئەلنىڭ ئىشەنچى،
ئۇندىن ئايرىلىش ئۆلۈم بىلەن تەڭ.
ئاقىلساڭ مىكىن ئەل ئىشەنچىنى،
ئىقبال يولىمۇ بولار شۇنچە كەڭ.

ئابلىمىت ئابدىرىشىت

باھاردا چىققان ۋاقىتسىز شامال
ياپراق - چېچەكنى ئۈزۈپ قاقىدۇ.
ھاياتتا مەزمۇت تۇرمىسا ئىنسان،
تىرىمۇش ئۇ پېرىپ چولگە تاشلايدۇ.

× ×

بولسا دوستۇم سېنىڭدە،
پولاتتەك چىڭ ئىرادە.
يەتمىگىڭ ھېچ تەس ئەمەس،
ئارزۇيۇڭغا زىيادە.

× ×

ئىلىم ئۇ، ئىنساننىڭ ئەقىل چىرىغى،
يىراق بىلسەڭ پىنھان ئۇ، مېشچانلىدىن نېرى.
تىرىشساڭ، ئىجتىھات قىلساڭ ئىرىنمەي،
مېغىزدىن جاقارسەن ھامان بىركۈنى.

# تەسىرات

(«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژورنىلىنى ئوقۇغىنىمدا)

رەپقەت بارات

(بورتالا ئوبلاست يېزا ئىگىلىك ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى)

رازىمەن پاناھىم پارتىيەم بولغاچ،
ئەدەبىي ـ سەنئەتكە نۇرلار چېچىلدى.
ھەر مىللەت ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى،
گۈللىتىپ قىزىشقا يوللار ئېچىلدى.

×

ئوقۇدۇم قەشقەرنىڭ ژورنىلى سېنى،
قولۇمدىن چۈشۈرمەي ئۆزمەي كوزۇمنى.
سېنىڭدىن چۈشىنىپ قەدىم دىنىنى، ①
تويمۇدۇم يۈزۈڭگە يېقىپ يۈزۈمنى.

كوردۇممەن سېنىڭدىن قەشقەر باغرىنى،
ئالدىمدا ئايانىدۇر تىك مەزمۇت ھېيتكا.
دىلىمدىن ئىشتىياق قوزغىدىڭ ئاڭا،
كۈيلەرمەن توقۇپمەن قوشاق ۋە ناخشا.

ناۋايى، تاشۋايدەك ئەژداتلىرىمىنىڭ،
ئىشلىرى ماڭمۇ بولدى تونۇشلۇق.
ئەجداتلار ئىشىغا ۋارىس ئۆزگۈلمەن،
ئۇلارنىڭ ئىزىنى باسىمەن تولۇق.

خەلقىمىنىڭ، قەشقەرنىڭ مەدەنىيىتىنى،
كوردۇممەن سېنىڭكى ھەر بىر بېتىڭدىن.

① بۇ يەردە قەشقەر كوزدە تۇتۇلدۇ.

بىلىمگە ئەقىدە باغلىغان ئۆزىچە،
سويۇلمەي تۇرامدۇ يۈرەك قېتىدىن.

تۈگىمەس تەشەككۈر ئېيتىمەن ساڭا،
يۈرەكتە قالدۇردۇڭ چوڭقۇر تەسىرات.
پارتىيەم نۇرىدا يۈكسەل يەنىمۇ،
دوستۇمسەن مېنىڭكى مەڭگۈ-ئۆمۈرۋات.

## خىنە گۈل

تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن

باغىمنى گۈلزار ئەيلىدىم، تەردىم چونەككە خىنە گۈل،
تارقاتتى خۇش ھىد ھەم ھوزۇر-بەردى يۈرەككە، خىنەگۈل.

تام خوشنىمىزنىڭ شوخ قىزى، قەلبىم كوكىنىڭ يۇلتۇزى،
كولدى شورامدىن بىر قاراپ ئوخشاپ سۈرەتكە، خىنەگۈل.

ئاخشا - كۈيۈمدە كېيلىدىم، خوشنام قىزىنى ئويلۇدۇم،
كىرسە بېغىمنى خۇش كورۇپ تولغاي پوردككە، خىنەگۈل.

بىر كەچتە ئېيدىڭ ئاخشىمى، چاڭ كەلتۈرۈپ مەن ئاخشىنى،
كىرسەم بېغىمنى چومكىگەن ھالرەڭ ئېپەككە، خىنە گۈل.

بۇنداق بولۇشنى نەبىلەي، كوڭلۈم كېلۈشنى نە بىلەي،
تام خوشنىمىزنىڭ شۇ قىزى ئاپتۇ سوۋەتكە، خىنەگۈل.

تۇتتۇم بىلەكتىن «ئوغرىنى»، ئېيتتىم «يۈرەكنى ئورتىدىڭ،
بىر بوسە بەرسەڭ ئېرىنىڭ يەتكەي تىلەككە، خىنەگۈل».

جانان قىزاردى «ۋىل» قىلىپ، كەتتى كوزۇمدىن ئوت يېنىپ،
«چاڭ» قىپلا تەگدى تەستىگى، ئېرىندى ئېڭەككە، خىنەگۈل.

«قالمامدۇ بىزنى خەخ كۆرۈپ، كەتتىم نۇمۇستىن مىڭ ئولۇپ،
كەپسىزلىكىڭدىن كەلمىگەي بىر داغ تەرەپكە، خىنەگۈل»

دەپلا قولۇمدىن ژۇلقۇنۇپ، چىقتى شورامدىن تولغۇنۇپ،
ياقتى مۇھەببەت ئوتىنى، دىلغا بولەكچە، خىنەگۈل.

بىلدىم خۇيۇڭنى مەن دىدىم، ئاغزىڭغا سالسام قەن دىدىم،
ئوختۇرۇم تىگەركەن تەستىگىڭ، مەندىن بۆلەككە، خىنەگۈل.

ئاغرىتقى ساقايماس تويغىچە، شۇ قولدا سىيپاپ قويغىچە،
سەندىن بولەككە ياقمىغاي، كوڭلۈم ئەبەتكە، خىنە گۈل.

# قان بىلەن سىڭگەن دوستلۇق

( ھېكايە )

ئىمىن كېرىم

"ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم؛ تىنچلىق تۇردىلىمۇ". مانا بۇ پەنجىنگكىنىڭ گۈل باغ دادۇيگە كەلگەن دەسلاپقى مەزگىلدە ئۆگەنگەن ئۇيغۇرچە سۆزى ئىدى. 16 ياشلار چامىسىدىكى بۇ خەنزۇ يىگىت 1962 ـ يىلى گۈل باغدادۇيگە كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ ياۋاش، مۇلايىم، ئەدەپلىك ئەخلاقىي پەزىلىتى شۇ يەرلىك ئاھالىلارگە يېقىپ قالغان ئىدى. بىر يىل ئۆتمەيلا پەنجىنگكنىڭ شۇ يەرلىك ئۇيغۇر يىگىتلىرى بىلەن ياخشى چىقىشىپ، يىراق ـ يېقىن، ھاشار ـ مەدىكار ئىشلىرىدا ئەڭ يېقىن ياردەمچىلەردىن بولۇپ قالغان ئىدى.

بولۇپمۇ پەنجىنگاكىنىڭ ياۋاش، مۇلايىم، ئەدەپلىك خىسلىتى ئالماسقا يېقىپ قالدى. ئالماس شۇ يەرلىك بولۇپ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئائىلىسىگە قايتىپ دېھقان بولغان ئىدى. ئوقۇش يىللىرىدا خەنزۇچىغا قىزىقىپ ئازراق خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىۋالغانلىغى ئۈچۈن پەنجىنگاك بىلەن ناھايىتى ئاسانلا دوست بولۇشۇپ كەتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن پەنجىنگاكتىن خەنزۇ تىلىنى ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن پەنجىنگاكقا ئۇيغۇر تىلىنى، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئۆگەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار تىزلا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى. ئارىدىن 19 يىل ئۆتۈپ ئالماس بىلەن پەنجىنگكنىڭ ئۆيلىك ـ ئوچاقلىق بولۇپ، 2 ـ 3 تىن بالا كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن دوستلۇق رىشتىنى ئۈزۈپ قويمىدى.

سىنتەبىرنىڭ بىر كۈنى، قۇياش ھارارىتى بارغانسېرى تۆۋەنلىمەكتە ئىدى. ھەممە ياقتا كۈزگى بۇغداي تېرىلغۇسىنىڭ يۇقىرى دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن، تۈن قاراڭغۇسىدا زەنجىر تاپان تىراكتۇرلارنىڭ يۇلتۇزدەك چىراقلىرىنى تەرەپ ـ تەرەپتە پارقىرىتىپ يەر باغرىنى تىلغانىدا گۈكىرىگەن شىددەتلىك ئاۋازى جىمجىت تۈن قاراڭغۇسىنى بۇزاتتى. تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ سىيالكىلارنى كەينىگە سۆرەپ كەلگەن يەل تاپان تىراكتۇرلار تاناپتەك ئېرىقچىلارنى تارتىپ، تورخۇزنىلىرىدىن ھالقا شەكىللىك ئاپپاق ئىس چىقىرىپ، كۆز يەتكۈسىز پايانسىز سالا ئېتىزلارغا ئۇرۇق سالماقتا ئىدى. پەنجىنگاك ئۇرۇق سىيالكىسىنى ئەمدىلا ئالماسنىڭ ھوددە يېرىگە يۆتكەپ ئۇرۇققا خېمىيىۋى دارا ئارىلاشتۇرىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ

بىقىنى ئاغرىپ دەرمانىدىن كەتتى . نىمە
قىلىشنى بىلمىگەن ئالماس بىھوش ياتقان
پەنجىنگاڭنى يۇدۇپ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى-
دە ، شۇ ھامان چىلان تورۇق ئېتىنى هار-
ۋىغا قوشۇپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى .
چېكىسىگە قىزىل تاۋاردىن تۇمار چە-
گىلگەن ، قۇيرۇغىغا بىر جۇپ كوز مۇنچاق
ئېسىلغان چىلان تورۇق ئارغىماق خۇددى
پەنجىنگاڭنىڭ كېسەللىك ئازاۋىنى بىل-
گەندەك بولىشىغا چاپماقتا ئىدى . ئال-
ماس بىر ھۇشىدىن كىتىپ ، بىر هوشىغا
كىلىپ قاتتىق ئازاپلىنىۋاتقان پەنجىن-
گاڭغا پات-پات قاراپ قويياتتى . پەن-
جىنگاڭنىڭ چىدىغۇسىز ئازاۋى ئالماسنىڭ
يۈرىگىنى خۇددى تۈز قۇيغاندەك ئېچىش-
تۇراتتى . شۇ تاپتا ئالماس قانات ياساپ
ئۇچقۇسى ، دوختۇرخانىغا تىز بېرىپ ئۇنى
كېسەللىك ئازاۋىدىن قۇتۇلدۇرغۇسى كې-
لەتتى . ئالماس چېپىپ كېتىۋاتقان چىلان
تورۇق ئېتىنىڭ دولىسىنى سىلاپ تۇرۇپ :
— ھەي ! جانىۋار ، قانىتىڭ بولسىمۇ
كاشكى........-دەيتتى پىچىرلاپ.
ئالماسلار ھەش-پەش دىگىچە دوختۇر-
خانىغا يىتىپ كەلدى . ئالماس قاتتىق
ئىڭراۋاتقان پەنجىنگاڭنى ھاپاشلاپ دوخ-
تۇرخانىغا ئەكىرگەندە مىگىلىغان كوزلەر
ئۇلارغا تىكىلدى. ياتاقتا داۋالىنىۋاتقان،
كېسەللىك ئازاۋىنى يەتكىچە تارتقان كې-
شىلەر پەنجىنگاڭغا قاتتىق ئىچ ئاغرىتى-
شاتتى . ئالماسنىڭ دوستلۇق ئەقىدىسىگە
ئاپىرىن ئوقىشاتتى . پەنجىنگاڭنىڭ سو-
قۇر ئۈچەيى تېشىلگەنلىكتىن، ئاپراتسىيە
قىلىشقا توغرا كەلدى .
ئەنسىزلىك كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تى-
كىپ تۇرغان ئالماس تاقەتسىزلەنمەكتە

ئىدى : ئۇ ئاپراتسىيە بولۇمىنىڭ ئىشىگى-
دىن بويىنىنى قانچە سوزۇپ قارىغان بول-
سىمۇ ھىچنەرسىنى پەرق قىلالمىدى . سا-
ئەت8گە داڭ ئۇردى. «مانا4سائەت بولدى»،
دەيتتى ئالماس كوڭلىدە تىت-تىت بولۇپ.
ۋاقىت ئوزلۇكسىز ئوتمەكتە . پەنجىنگاڭ-
دىن ھىچقانداق خەۋەر ئۇقالمايۋاتقان ئال-
ماس ئوزىنى خۇددى يۈرىگىنىڭ بىر پار-
چىسىدىن ئايرىلىپ دەرمانسىزلانغاندەك ھىس
قىلماقتا ئىدى. تۇيۇقسىز ئاپراتسىيە بو-
لۇمىنىڭ ئىشىگى ئېچىلىپ، ئاق خالات،
ئاق پوسما كەيگەن 35 ياشلار چامىسىدىكى
دوختۇر چىقىپ كەلدى. دوختۇرنىڭ تۇر-
قىدىن ئەنسىزلىك ۋە جىددىلىك چىقىپ تۇ-
راتتى.
— دوختۇر! ئەيتىڭا ، لاۋپەنىنىڭ ئەھ-
ۋالى قانداق ؟-دىدى ئالماس ئۇنىڭ ئال-
دىنى توسۇپ.
دوختۇر ئوزىنىڭ كوز ئالدىدا روھىي قىيا-
پىتى جىددىيلەشكەن، ئەنسىزلىك كوزلىرىنى
بىگىزدەك قاداپ تۇرغان، كۆز ئاپتىۋىدا
كويۇپ قارىداپ كەتكەن، يۈزلىرىدە دوست-
لۇق نۇرلىرى جىلۋىلىنىپ تۇرغان ئالماس-
قا قارىدى . ئالماسنىڭ ئوت چاقناپ تۇ-
رىدىغان قاپ-قارا بىر جۇپ كوزىدىن
ھىلىلا ئېتىلىپ چىققان بۇلاق سۇيىدەك
ياش تامچىلىرى ئەگىيتتى.
— سىز پەنجىنگاڭنىڭ نىمىسى بولىسىز؟-
دىدى ئاغزىدىكى ماسكىنى ئېلىۋىتىپ :
— مەن ئۇنىڭ خوشنىسى ھەم ئۇنىڭ
دوستى ئالماس بولىمەن. ئۇنى قۇتقۇزۇپ
قېلىشقا بولامدۇ؟ نىمە كەتسە، مەيلى. پۇل
كەتسىمۇ،جان كەتسىمۇ شۇنى قۇتقۇزۇپ قال-
سائڭلار ! -دىدى ئالماس ئامبۇردەك قول-
لىرى بىلەن دوختۇرنىڭ قولىنى چىڭ قى-
سىپ.

ــ ئاپىراتسىيە جەريانىدا قان كوپ چىـ
قىپ كەتكەنلىكتىن ھوُشىدىن كەتتى. ھازىر
جىددى قان كېرەك بولىۋاتىدوُ،دىدى دوخـ
تۇر جىددى قىنىيا پەتتە .

ــقانچىلىك كېرەك بولسا مانا مەندىن ئېـ
لىڭ. مىنىڭ قېنىم ( ٥ ) قان سېستىمىسى،
دىدى ئالماس كويۇپ قارىداپ كەتكەن
بىلىگىنى تەگلەپ تۇرۇپ.

ئالماستىن قان ئېلىندى. ئالماسنىڭ ئىسـ
سىق قېنى پەنجىنگاگىنىڭ قان تومۇرلىرىدا
ئاققاندا، قانسىزلىنىپ توختاپ قېلىش ئالـ
دىدا تۇرغان ئۇنىڭ يۇرىگى خۇددى يېڭىـ
دىن ياشىرىپ قالغاندەك دۇپۇلدەپ سوقۇشـ
قا باشلىدى . پەنجىنگاگىنىڭ يۈزىدە ھا ـ
يات ئۇمىتلىرى جىلۋىلەندى.

ــ خەتەرلىك ۋاقت ئوتۇپ كەتتى . بۇ
قان دەل ۋاقتىدا بىرىلگەن شىپالىق دورا
بولدى ،ـدىدى ئاپىراتسىيە قىلىۋاتقان دوخـ
تۇر پىشانىسىدىكى مۇنچاق ـ مۇنچاق تەرـ
لىرىنى سۇرتۇپ . ئاپىراتسىيە مەيدا ـ
نىدىكى ئەلسىزلىك چىرايىلارغا ئاستا ـ
ئاستا كۇلكە يۈگۈردى. ھەممەيلەن ئالماسـ
نىڭ سەمىمى، كويۇمچان ئىلىغىغا ، مەردانىلىـ
غىغا ، پەنجىنگاگىغا بولغان دوستلۇق ئە ـ
قىدىسىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى .

ئارىدىن بىر ئاي ئوتۇپ پەنجىنگاگىنىڭ
سالامەتلىگى ئەسلىگە كەلدى. ئۇ دوختۇرـ
خانىدىن چىقىدىغان كۇنى دوختۇرخانا ئالـ
دىدا يەنە ھىلىقى چىلان تورۇق ئات قو ـ
شۇلغان هارۋا پەيدا بولدى . پەنجىنگاگنىڭ
ئۆزىنى داۋالىغان دوختۇر، سېستىرالار بىـ
لەن خوشلۇشۇپ هارۋىغا چىقتى. چىلان توـ
روق ئات قوشۇلغان ياغاچ هارۋا ئىككى
تەرىپى تىرەكلىك چوڭ يولدا ئۇچقاندەك
چېپىپ كەتتى. دوختۇرلار چاڭ ـ توزاڭچىـ
قىرىپ بارغانسېرى كوزدىن غايىپ بولىـ
ۋاتقان ئات هارۋىسىغا قوللىرىنى پۇلاڭلاتـ
قىنىچە « سىلەرنىڭ قان بىلەن سىڭگەن
دوستلۇغىڭلار مەڭگۇ ياشىسۇن» دەپ قاراپ
قالدى .

## سەرەڭگە بىلەن پەنەر

لىن بەيشىن

ــ ھاياتلىق قىممەت ، ـ دەپتۇ پەنەر بىر كۇنى سەرەڭگىگە ،ـ شۇنىڭ ئۇچۇن ھەر قېتىم ئىگەم ئىشلىرىنى تۇگىتىپ بولغاندا، مەن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ ئوزۇمنى ئوچۇرتكۇزىمەن، مۇشۇنداق قىلغاندا بۇ دۇنيادا مەلۇم كۇن بولسىمۇ ئارتۇغراق ئومۇر كورەلەيمەن. سەنچۇ، بىرلا ياقسا ھاياتىڭ تاماملىنىدۇ. بۇ نىمە دىگەن بەختسىزلىك ـ ھە...

ــ ئىنسانىيەت ئۇچۇن ھاياتىمنىڭ يالقۇنىنى تەقدىم قىلىشىمغا توغرا كەلسىلا ،ـ دەپتۇ سەرەڭگە جاۋابەن،ـ كوزنى بىر چىمىلداتقىچىلىك ئومۇر كورسەممۇ، سېسىق پۇراپ بىكار تۇرـ غاندىن بىر نەچچە ھەسسە ياخشى ـ دە!

(تۇرسۇن تومۇر تەرجىمىسى)

# ياخشى كېلىن

(ھېكايە)

ھوشۇر ئابدۇللا

ژىلۋابويلۇق، ئانار يۈزلۈك ، قاراكوز-
لۈك ۋە مۇلايىم سوزلۈك گۈلنىسا سىڧەن
مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن،ما نا مۇ-
شۇ يىراق سەھرادىكى يېزا باشلانغۇچ مەك-
تىۋىگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلدى.

گۈلسۇمخان ئاچىنىڭ بىر قىزى ۋە بىر
ئوغلى بار ئىدى . قىزى گۈلنىسا قىز بى-
لەن بىر مەكتەپتە ئىشلەيتتى . ئوغلى بول-
سا تولۇق ئوتتۇرا مەلۇماتنى ئىگە دىخان
يىگىت ئىدى.

قويۇق كىرىش - چىقىش گۈلنىسا قىز-
نى گويا مۇشۇ ئائىلىنىڭ تونىچى بىر
ئەزاسىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. شۇن-
داق بولسىمۇ ، ئۇ ، بۇ ئائىلىگە ھەر قې-
تىم كىرگىنىدە خۇددى تېخى تۇنجى قېتىم
كەلگەن ئېھىز مېھماندەك مۇئامىلىگە مۇ-
يەسسەر بولاتتى. گۈلسۇمخان ئاچا ئۇنى
ئوز پەرزەنتلىرىدىنمۇ چاربراق كورەتتى .
گۈلنىسا قىزمۇ ئوزىنى خۇددى ئوز ئانىسى
قېشىدا تۇرغاندەك سېزەتتى . مېھرىۋانلىق
ۋە ساداقەتلىكتىن ئىبارەت بىر مەنىۋى
كۈچ ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ كې-
تەلمەيدىغان قىلىپ قويدى.

گۈلنىسا قىز بىلەن گۈلسۇمخان ئاچا ئا-
ئىلىسىنىڭ ئىناق مۇناسىۋىتى باشلىنىپ
يەتتە ئاي ئوتكەندە بۇ كوجوم مەھەللىسىز-
دە كىملەر تەرىپىدىندۇ «گۈلسۇمخان ئوز
ئوغلى ئۈچۈن گۈلنىسا قىزنى ئۈگىتىۋال-
دى» دىگەن سوز تارقالدى . بۇ سوز-ئا-
بىتنى ھەيران قالدۇردى . چۈنكى ئابىت
كۆنبويى ئىتىز - ئېرىق ئىشى ۋە ئاتا مى-
راس ياغاچچىلىق ھۈنىرى بىلەن بەنت
ئىدى.

قىزىق ئىش ، كەچلىك غىزادىن كېيىن
گۈلنىسا قىز گۈلسۇمخان ئاچا بىلەن تەنھا
ئولتۇرۇپ، يانا شۇ پاراڭنى قىلىشتى،گۈل-
سۇمخان ئاچا بۇ پاراڭنىڭ ئوتتۇرىغا چىق-
قىنىغا بەك خوشال بولدى. ئۇ پۇرسەتنى
غەنىمەت بىلىپ،مەقسەتلىك ھالدا كېلىپ
چىققان سوز - چوچەكنى ئەنگايان قىلدى.

-بىلىمەن،- دىدى گۈلنىسا قىز ئوزىگە
خاس مۇلايىملىق بىلەن ۋە يەنە،-
مۇنداق سوز - چوچەك تارالسا نىمە
بوپتۇ،- دىدى.

-ئاچچىغىڭىز كەلمەمدۇ؟.

-نىمىشقا ئاچچىغىم كېلىدىكەن،-سوئالغا
سوئال بىلەن بىرىلگەن بۇ جاۋاپ گۈلسۇم-
خان ئاچىنى ھاياجانلاندۇرىۋەتتى. ئۇ، ئوزى-
نى تۇتالماي قالدى . ئىختىيارسىز ھالدا:
« سىز ماڭا كېلىن بولۇشنى خالام-

سىز؟» ـ دەۋەتتى. گۈلنىسا قىز ھوپپىدە قى ـ
زىرىپ يەرگە قارىۋالدى. لېكىن پىستە ـ
دەك لىۋى ئىللىق كۈلكەدىن گۈلدەك
ئېچىلدى.

بۈگۈنكى سوھبەتتىن خەۋەر تاپقان ئا ـ
بىت ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشاللىق ۋە ھا ـ
ياجانغا چۈمۈلدى، ئۇنىڭ غۇبارسىز
كۆڭلىدە سۆيگۈ ئۇچقۇنى پەيدا بولدى.

بۇ ئۇچقۇن كۈندىن ـ كۈنگە ئۇلغىيىپ
يانغىن بولدى. بۇ يانغىندا ئۇنىڭ يۈ ـ
رىكى ئالتە ئاي كۆيدى. بۇ پاك سۆيگۈ
ئۇزۇنغا بارماي ۋىسال تېگىگە ئۇلاشتى. ما ـ
نا ھازىر ئابىت بىلەن گۈلنىسا قىزنىڭ تويى
بولغىنىغا بىرىېرىم يىلدىن ئاشتى. بۇۋا ـ
قىت ئىچىدە ئۇلار بەكمۇ ئىناق ئۆتتى.
بۇنداق ئائىلە تۇرمۇشىدىن مەمنۇن
بولمايدىغان كىشى يوق. چۈنكى ئىناق ئا ـ
ئىلە تۇرمۇشى قىز ـ يىگىتكە خاتىرجەم ـ
لىك، غەيرەت ۋە خوشاللىق بەخش ئېتى ـ
دۇ، پەقەت شۇنداق ئائىلە تۇرمۇشى بول ـ
غاندىلا، كىشىلەر جىسمانى ۋە زىھنى كۈ ـ
چىنى ئۆز كەسپىگە مەركەزلەشتۈرەلەيدۇ.

مەھەللىمىزدىكى كىشىلەر ئابىت بىلەن
گۈلنىسا قىزنىڭ ئىناق مۇناسىۋىتىدىن مۇ ـ
كورە گۈلسۈمخان ئاچا بىلەن گۈلنىسا قىز ـ
نىڭ تېچ ۋە ئىناق مۇناسىۋىتىگە بەك ھەۋەس
قىلىدۇ. قىسمەن ھەسەتخورلارنىڭ: «كو ـ
رىمىز تېخى، ئاپپاق سۈتمۇ ئېچىيدۇ» دې ـ
يىشنى ھىساپقا ئالمىغاندا، نۇرغۇن كى ـ
شىلەر «كېلىن بولسا مانا شۇ گۈلنىسا قىز ـ
دەك بولسا» دېيىشىدۇ.

مەن يېقىندا بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىشنى
دەپ بېرەي:

6 ـ ئاي مەزگىلى، گۈلسۈمخان ئاچا تو ـ
ساتتىن قاتتىق ئاغرىپ قالدى. بۇ كې ـ
لىشمەسلىك گۈلنىسانىڭ تەتىلدىن پايدى ـ
لىنىپ شەھەرگە بېرىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ
قېشىغا بېرىپ يوقلاش ئارزۇسىنىڭ بىلى ـ
گە تەپتى. ئابىت بولسا ئۇمىغا كىرىشىپ
كەتكەن ئىدى. ئۇ سەھەردە توغاي چۆچۈ ـ
لماستا ئېتىزغا چىقىپ كەتسە
گۈگۈم چۈشكەندە قايتىپ كېلەتتى. بۇنداق
ئەھۋالدا ئۇ ئانىسىنىڭ ھالىدىن قانداق ـ
مۇ خەۋەر ئالالىسۇن؟ «ئوما ـ يىگەن دانىنى
سوما» دېگەن گەپ بار. ئوما دېگەندە
دەل ۋاقتىدا، ياخشى ۋە تويۇپ ئاشقىدەك
ئوزۇقلۇنۇش كېرەك ـ تە، گۈلنىسا شەھەر ـ
گە كەتسە گۈلسۈمخان ئاچا بىلەن ئابىتقا
ئاش ـ تاماقنى كىم ئېتىپ بېرىدۇ؟ ماقۇل
ئومىغۇ ئۇزۇنغا قالماي تۈگەر، لېكىن مۇ ـ
ھىمى گۈلسۈمخان ئاچىنىڭ ھالىدىن خە ـ
ۋەر ئېلىش بەكمۇ زورور ـ دە، ئابىتنىڭ
ھەمشىرىسى سائادەت بولسا ئېغىربوي، ئاي
كۈنى يېقىنلىشىپ قالدى. مۇشۇنداق ئەھ ـ
ۋال ئاستىدا كويۇمچان كېلىن مېھرىبان
قېينانىنى تاشلاپ قانداقمۇ شەھەرگە كېتە ـ
لىسۇن؟ گۈلنىسا قىز ۋاقتىنچە شەھەرگە بار ـ
ماس بولدى. لېكىن ئارىدىن ئىككى كۈن
ئۆتكەندە ئانىسىدىن بىر پارچە خەت تا پ ـ
شۇرۇپ ئالدى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەن
ئىدى: «قىزىم، تەتىل ۋاقتىدىن پايدى ـ
لىنىپ ئوقۇتقۇچى سىڭلىڭ گۈلەمبەرنىڭ
تويىنى قىلماقچىمىز، ھەممە تەييارلىق
پۈتتى، يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن قازان ئې ـ
سىلىدۇ. دەرھال كەلگىن!»

گۈلنىسا خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ئويغا
چۆكتى، ئەسلىدە ئۆز سىڭلىسىنىڭ تويىغا
بارمىسا بولمايدۇ. كورۇشمىگىنىگە بەش
يىل بولغان ئەكىسى بىلەن تېزراق كورۇشمىسە
تېخىمۇ بولمايدۇ شەھەرگە باراي دېسە بۇ
يەردە ئەھۋال ھېلىقىدەك. بېشى تازا قات ـ
تى. زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ،
ئويلاپ ئاخىرى مۇنداق بىر چارىنى تاپ ـ
تى: توي كۈنىنى توت كۈن ئارقىغا سو ـ
زۇش، بۇ ۋاقىت ئىچىدە قەيىنى ئانىسىنى
كۈتكەچ ئابىتقا ياردەملىشىپ ئومىنى تۈ ـ

كېتىپ ئەنجانلەرلى خامانغا توشۇۋېلىش، ئالدىن قېينانىسىنى شەھەرگە بىللە ئېلىپ كېتىپ ۋىلايەتلىك 1- دوختۇرخانىنىڭ بالنىتسىسىغا ئالدۇرۇپ داۋالىتىش. بۇنداق بولغاندا ئىككى پاختەكنى بىر چالمىدا سوققىلى بولىدۇ.

ئۇ بۇچارىسىنى شۇكۈنى چۈشتىن كېيىن كۆكشې پوچتىخانىسىغا بېرىپ تېلېفون ئارقىلىق ئانىسىغا ئېيتتى، ئانىسى «ئوبدان قىزىم، ئەمسە دېگىنىڭگە چوقۇم ئەمەل قىلغىن» دەپ تاپىلىدى.

گۈلنىسا قايتىپ كەلگەندە ئابىت بىلەن گۈلسۈمخان ئاچا خۇددى ئالدىن كېلىشىۋالغاندەك، تەڭلا ئۇنىڭ نەگە بېرىپ كەلگەنلىكىنى سورىدى. ئۇ بۇ ئىشنى ئۇلارغا ئوچۇق ئېيتتى، گۈلسۈمخان ئاچا ھاياجانلىنىپ كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى ۋە مۇنداق دېدى:

— توي ئىشى دېگەن نازۇك ئىش، توينى كېچىكتۈرۈش سەۋەبى بىلەن دەز كېتىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ قالىدۇ. سىز تېلېفون بېرىپ يامان قىپسىز بالام.

— ھېچقىسى يوق ئانا، بىر نەچچە كۈن كېچىكتۈرگەنگە نېمە بولاتتى، — دېدى گۈلنىسا ئىشەشلىك ھالدا.

گۈلسۈمخان ئاچا ياندۇرۇپ بولەك گەپ قىلمىدى. كېلىنى ئىشنى ئەپلىك ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغان تۇرسا، ئۇ يەنە نېمە دېيەلەيتتى؟ مېنىڭ گەپ قىلغان بىلەنمۇ بىكار — دە.

ئابىت ئانىسى بىلەن ئايىلىنى ئىشەك ھارۋىسىدا ناھىيىلىك ماشىنا بېكەتكە ئېلىپ كەلگەندە، كۈن نەيزە بويى ئورلىگەن ئىدى. گۈلنىسا ئۇ ئىلىدىكى ئىشلارنى نەزەردە تۇتۇپ ئابىتنى زورلاپ قايتۇرۇۋەتتى. ئۇ ماشىنا كەلگىچە ئارىلىقتا قېينانىسىنى يۆلەشتۇرۇپ ئولتۇردى. ئارىدا بىر قېتىم يۆدۈپ ھاجەتكە ئېلىپ باردى. چايخانىدىن قايناقسۇ ئەپچىقىپ دورا ئىچكۈزدى، ئۇنىڭ قېينانىسىغا كۆرسىتىۋاتقان كۆيۈمچانلىقىدىن كىشىلەر ھەيران قېلىشتى، ئارىدىن بىرەيلەن گۈلنىسادىن «بۇ ئايالنىڭ نېمىسى بولىسىز؟» — دەپ سورىۋىدى، گۈلنىسا پەخىر بىلەن «كېلىنى بولىمەن» — دەپ جاۋاپ بەردى.

ئىككى سائەتتىن كېيىن ئاپتوۋۇز كەلدى، گۈلنىسا قېينانىسىنى يۆدۈپ ئاپتوۋۇزنىڭ ئىشىكى قېشىغا ئېلىپ باردى ۋە خىزمەتچى خادىم بىلەن سۆزلىشىپ، يەنە بىر چوكاننىڭ ياردىمى بىلەن بىرىنچى بولۇپ ئاپتوۋۇزغا چىقىپ، ئالدىنقى رەتتىكى ئىككى كىشىلىك ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشتى.

ھايال ئۆتمەي ئاپتوۋۇز ئورنىدىن قوزغالدى، تېخى ئۇنچە ئۇزۇن ئۆتمەستىنلا گۈلسۈمخان ئاچىنىڭ بېشى قېيىپ، كۆڭلى ئېلىشقا باشلىدى. گۈلنىسا ئۇنىڭ بېشىنى يۆلەپ ئۆز مەيدىسىگە يۆلەپ ئولتۇردى. گۈلسۈمخان ئاچا بىر قانچە قېتىم قۇرۇق «ھو، ھو» دېدى. گۈلنىسا يانچۇقىدىن پاكىزە قول ياغلىقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا تۇتتى... بۇ ئەھۋالنى سەپداشلاردىن بىر قانچىسى بويۇنلىرىنى بۇراپ سىناش نەزىرىدە گۈلنىساغا تىكىلدى. گۈلنىسا يەنە بىر ياغلىقى بىلەن قېينانىسىنىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرىنى پاكىز سۈرۈتتى. ئۇنىڭغا سەپسېلىپ تۇرغانلار ئۇنىڭ چىرايىدىكى خاتىرجەملىك ۋە ئىللىقلىقتىن ھەيران قېلىشتى، ئۇ بايا ئۇنىڭ گۈلسۈمخان ئاچىنىڭ كېلىنى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغان بىر قانچەيلەن:

— تېپىلغۇسىز ياخشى كېلىنكەن بۇ، كېلىن دېگەن مانا شۇنداق بولسا، — دېيىشتى.

(«يېڭىسار ئەدەبىياتى» دىن)

# كۆللۈك ئەدىپال

## دوباۋ پىلك .

### ( بېشى ئوتكەن سانىدا )

بۇ چاغدا، كارىدوردا ئاياق تاۋۇشى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.سەي سەي تىلىنى چىقىرىپ ئوڭا يىسىزلانغان ھالدا:
—ئاپام قايتىپ كەلدى،—دىدى—دە، ئالدىراپ— تىنەپ ئەديالنى يېغىشتۇرۇپ چامدانىنىڭ ئۈستىگە ئوراپ قويۇپ قويدى. دەل شۇ چاغدا تاراققىدا قىلىپ ئېچىلغان ئىشىك جاڭ شىنىنى توسۇۋالدى. ئۇ ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ گوگۇالەنىنىڭ چاپىنىنى يېشىپ پاققىدا كارۋاتنىڭ ئۈستىگە تاشلىغانلىغىنى كوردى — دە، "دوك — دوك" قىلىپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتكەن ئاياق تاۋۇشىنى ئاڭلىدى. سەي سەي ئاپىسىنىڭ كەينىدىن ئاشخانىغا يۈگرەپ كىرىپ:
— ئاپا، ئويگە مېھمان كەلدى، — دىدى. گوگۇالەن بۇنى ئاڭلاپ ئەندى چىقاي دەپ ئارقىغا بۇرۇلۇشىغا جاڭ شىن ئاشخانىغا كىرىپ ئۇنىڭ كەينىدە تۇرىۋالدى .
— ۋىيەي، جاڭ شۇجى،قارىمامدىغان سىزنى! يۇرۇڭ ئويگە كىرەيلى،— دىدى .
جاڭ شۇجى قوللىرى بىلەن شەرەت قىلىپ :
—قويۇڭ ئەمدى ،تامىغىڭىزنى ئېتىۋېرىڭ . سائەتمۇ 7 يېرىمدىن ئېشىپ قاپتۇ،—دىدى.
ئوقۇتقۇچى گوگۇالەن ئوڭايسىزلىنىپ:
—ئۇنداق بولسامەن تاماقنى ئېتىۋېرەي،— دىدى—دە،قازانغا ماينى قۇيدى، ئاندىن يەنە سەيسەيگە:
—پىيازنى توغرىۋەت!— دىدى.سەي سەي ئاللىقاچان توغراپ تەييارلاپ قويغان پىيازنى ئاپىسىغا سۇندى. گوگۇالەن ئارقىسىغا قارىماي يەنە قولىنى سۇنۇپ:"جاڭيۇنى ئال!" دىدى. سەي سەي تەييارلاپ قويغان قولىدىكى جاڭيۇ بوتۇلكىسىنى ئۇنىڭغا سۇندى. قازاندىكى قورۇلىۋاتقان سەي گىژ—گىژ، پاژ—پۇژ قىلىپ پىشىۋاتاتتى. بىردەمدىلا قورۇلۇپ پىشقان ھەر—خىل سەيلەرنى تەخسىگە ئۇسسىدى ۋە ئۇنى ئىچكەركى ئويگە ئەكىرىپ ئانا، بالا ئىككىسى دوگلەك جوزىدا ئولتۇرۇپ تاماق يىيىشكە باشلىدى. جاڭ شىن بولسا كارۋاتتا ئولتۇرۇپ، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەھۋالى توغرىسىدا پاراڭلاشتى. ئاندىن گەپنى ئايلاندۇرۇپ گوگۇالەنىنىڭ خىزمىتىنى يوتكەشكە ئوتتى.
ئوقۇتقۇچى گوگۇالەن خېلى بۇرۇنلا ئوزىنىڭ ئەمگە يېقىن بولغان 99—ئوتتۇرا مەكتەپكە

يوتكۈلۈپ كېلىشنى ئويلىغان ئىدى. بىراق ئۇ يىللاردا خىزمىتىنى يوتكەش گويا ئۇخلاپ چۈش كۆرۈش بىلەن تەڭ ئىدى. «توت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، تېخى ئالدىنقى يىلىلا بىر پارچە ھوججەت چۈشكەن. ھوججەتتە ئوقۇتقۇچى گوگۇالەنگە ئوخشايدىغانلا بولسا، شەھەر ئىچىدە ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، يېقىنراق جايغا يوتكەپ قويۇلسا بولىدۇ دېيىلگەن. ئۇ، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خوشال بولۇپ، ئاسان ھەل بولىدىغان بولدى، دەپ ئويلىغان ئىدى. بىراق ئۇ ھەر قېتىم رەھبەرلىك بىلەن سۆزلەشسە ھەر قېتىمدىمۇ رەھبەرلىك مۇزاكىرە قىلايلى، دەيتتى. لېكىن بۇ توغرۇلۇق ئۆزى چۈشەنمەيتتى بۇ ئىشنى مۇزاكىرە قىلىدىغانغا يەنە قانچىلىك كۈچ سەرپ قىلىدىغانلىقىنى ئۆزى زادىلا بىلەلمەي قالدى. ئۇ رەھبەرلىكنى بىر قانچە قېتىم ئىزدەپ ئاران سۆزلەشكەندە، ھېلىقى ئايال شۇجى قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، رەڭگى ئۆزگەرگەن ھالدا:

— سەن بۇنداق ئوي- پىكىرىڭنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەت، بىزگە بويەردىكى خىزمەتچىلەر يېتىشمەيۋاتىدۇ،- دەپ كەسكىن - ئۈزۈۋېلا ئېيتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن بىر يولداش سەممىيەتلىك بىلەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ:

—سەن تولا تەرسالىق قىلماي، رەھبەرلىككە ئاز-تولا بىر نەرسە سوۋغات قىلمامسەن، ئىشىڭنىڭ يولى مۇشۇ، شۇنداق قىلساڭ ئىش ئۆزلىكىدىنلا ھەل بولۇپ كېتىدۇ! - دېدى. بۇ سۆز گوگۇالەننى بىر ئاز تەمتىرىتىپ قويدى ۋە ئۆز - ئۆزىگە چالۋاقاپ: «سوغات - پوغات دېگەن نېمىكەن ئۇ، ھوكۇمەت ئىشىنى ھوكۇمەت تەلىۋىگە لايىق بىجىرمەمدىكەن!» دېدى، بۇ گەپ نېرىراق تۇرغان شۇجىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، ئۇ، مېيىغىدا سوغاققىنا كۈلۈپ قويدى ۋە ئۆز - ئۆزىگە:

«پاھ، ئۇنىڭ ھوكۇمەت ئىشىنى ھوكۇمەتنىڭ تەلىۋىگە لايىق ئىشلىيەلىگەنلىكىنى قېنى مەن كۆرۈپ باقاي!» ئۇ، بۇ يەردىن يوتكەلمەكچى بولغانلىقىغا بىر قانچە يىل بولغانىدۇ، - دېدى. بۇ مەكتەپكە ئۆتكەن ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى يېڭى بىر شۇجى يوتكۈلۈپ كەلگەن ئىدى. ھېلىقى ئاق كۆڭۈل كىشى يەنە سەممىيەتلىك بىلەن ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرىپ:

— بۇ قېتىم ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئەتراپلىق ئويلانمىساڭ بولمايدۇ. سەن جاڭ شۇجىنىڭ يېڭى يوتكۈلۈپ كېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا بالدۇرراق بىر نەرسە سوۋغات قىلغىن! شۇنداق قىلساڭ كېلەر ئايلىق مائاشىڭنى 99 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئالىسەن، - دېدى. گوگۇالەن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۆز - ئۆزىگە بىر ئاز ئوڭايسىزلىق ھېس قىلغاندەك بولدى. ھېلىقى ئاق كۆڭۈل كىشى:

— ھوي، ئاڭلىسام باشقىلار ئۇنىڭ قىزىنى يېقىندا توي قىلىدۇ دەيدۇ. مانا مۇشۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمە، بۇنى باھانە قىلىپ تويغا ماس كەلگىدەك ئىسمى - جىسمىغا لايىق ...... ياخشىراق بىر نەرسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويۇپ قويغىن، پۇل خەشلىمىسەڭ باشقىلار سېنىڭ گېپىڭنى ئىلىك ئالمايدۇ. پۇلۇڭ بولمىسا مەن قەرز بېرىپ تۇراي، - دېدى.

گوگۇالەن ئەسلى ئەتىلىككە جاڭ شۇجىنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولۇپ تۇراتتى، بىراق

...نىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالدى . گوگۇالەن ئۆزىنىڭ خىزمىتى يوتكەش توغرىسىدا جاڭ شۈجىنىڭ ئۆزلىكىدىن سوراپ قالمىغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئويلاپ باققان ئەمەس ئىدى . ئۇ بۇنى پۇرسەت دەپ بىلىپ ، ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىق ۋە تەلەپلىرىنى جاڭ شىنگە ئېيتتى ، جاڭ شىن: « بىز قايتىپ بارغاندىن كېيىن مۇزاكىرە قىلىپ باقايلى » – دىدى . بۇ مۇزاكىرە سوزى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا ، گوگۇالەن ئىچىدە بىردىنلا غەزەپلەندى ۋە « بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ قويغۇنۇم تۇزۇك بولغان ئىكەن » دەپ ئويلىدى – دە سوۋغاتنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويسام بولامدۇ دەپ بىر ئاز ئارىسالدى بولۇپ قېلىپ ، بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ، ئەتە ئۆيىگە ئاپىرىپ ئالدىغا قويسام تېخىمۇ ھورمەتكە سازاۋەر بولمامدۇدىگەن قارارغا كەلدى .

ئەتىسى گوگۇالەن ئىشتىن چۈشۈپ ، سەي سەينى ئەگەشتۈرۈپ جاڭ شۈجىنىڭ ئۆيىگە سوۋغىنى ئېلىپ باردى . بىراق كۈتۈلمىگەندە ئۇ ئۆيدە بولماي قالدى . گوگۇالەن بۇنى دەل جايىدا بولدى دەپ قاراپ ، « ئاۋادا ئۇ ئۆيدە بولغان تەقدىردە سوۋغىنى بېرىش تەس بولاتتى » دىگەن ھېسسىياتقا كەلدى ۋە جاڭ شۈجىنىڭ ئايلى بىلەن بىر ئاز ئولتۇرۇپ ئۇنى-بۇنى دىيىشىپ مېھمان بولغاندىن كېيىن، دۇدۇقلىغان ھالدا، ئۆزىنىڭ كېلىشىدىكى مەقسىدىنى چۈشەندۈردى – دە، ئاخىرىدا سوزنى باشلاپ: « باشقىلار قىزىڭىزنىڭ توينى يېقىندا بولىدۇ دەيدۇ . شۇڭا كوڭۈل ئۈچۈن بىر ئاز نەرسە ئېلىپ كەلگەن ئىدىم » دىدى ۋە ئېلىپ كەلگەن بىر دانە ئەدىيال بىلەن ئىككى بوتۇلكا ھاراقنى ئالمان – تالمان ئېلىپ، ئۇ ئايالنىڭ توسقىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويۇپ، دەرھاللا بىنادىن چۈشۈپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ ، گويا بىر مەيدان ئوچۇق دەرس سوزلەپ ، سوزلىگەن دەرسنى كوپچىلىكنىڭ باھالىشىنى كۈتكەندەك ، باشقىلارنىڭ گەپ-سوزلىرىنى تىڭشاپ يۈردى . ئوزىمەكتەپ ئىچىدە جاڭ شۈجى بىلەن ئۈچرۈشۈپ قىلىشتىن ئېھتىيات قىلاتتى . بىراق كوڭلىدە ، ۋاقىت قانچە ئۇزۇرۇپ كەتسىمۇ بىر ئاي ئەتراپىدا بولار ، نىمانچە ئالدىرايتتىڭ دەپ ئويلايتتى .

بىر ھەپتە ئوتكەندىن كېيىن، بىركۈنى گوگۇالەن سەي سەينى ئەگەشتۈرۈپ ، سائەت 7 يېرىمدىن ئوتكەندە ئۆيىگە بېرىپ ، يەنە جاڭيو ئەكىلىشكە ماگىزىنغا چىقىپ كەتكەن ئىدى . مېڭىش ئالدىدا سەي سەيگە ئالما ئەكىلىپ بىرىمەن دەپ قويغان ئىدى ، شۇڭا سەي سەيدېرىزىگە چىقىپ ئاپىسىغا ۋە ئاپىسى ئەكىلىپ بىرىدىغان ئالمىغا قاراپ ئولتۇردى .

ھېلىقى كوز ئەينەكلىك جاڭ تاغا يەنە يېتىپ كەلدى . سەي سەي ئۇ كىلىش بىلەنلا ئۇنى تونىدى . قاش – كىرپىكىنى ۋە قاراقاتتەك كوزلىرىنى ئويناتىپ، سىز « جاڭ شۈجى ئەمەسمۇ !» – دىدى.

جاڭ شۈجى تور سومكىغا سېلىۋالغان نەرسىلىرىنى قويۇپ ، سەي سەينىڭ يۇپ – يۇمىلاق كەلگەن باش ۋە يۈزلىرىنى سىلاپ ، ئۇنىڭ يۈزلىرىگە تىكىلىپ قارىغان ھالدا ئۇنىڭ تاتلىق سوزلىرىنى دوراپ، سىز « سەي – سەيغۇ » – دىدي .

سەي سەي ئۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كوڭلى يايراپ كەتتى. ئۇ خوشاللىقىنى باسالماي ، " بۇ تاغىمىز ئۆزىنى چوڭ تۇتمايدىكەن ، ئۇ كىچىك بالىلارغا ئامراق ئىكەن- هە ! " - دەپ ئويلىدى ۋە شىرىن تىللىرى بىلەن قالغاشتەك ۋىچىرلاپ جاڭ شۈجى بىلەن سوزلۇشۈپ ، " ئاپام جاڭيۇ, ئالغىلى كەتتى . ئۇ ماڭا يوغان بىر تال ئالما ئالغاچ كېلىمەن دەپ كەتكەن،سىز ئالما يەمسىز ، سەل تۇرۇپ ئىككەيلەن ئالمىنى تازا يەيدىغان بولدۇق - تە ، " دېدى . بۇ گەپلەرنى جاڭ شۈجى ئاڭلاپ ، دەرهال تور سومكىسىدىكى ئالمىنى ئېلىپ، جوزىنىڭ ئۈستىگە توكۇرلىتىپ توكۇشكە باشلىدى ۋە سەي سەيگە قاراپ : "كەل قىزىم، تاغاڭنىڭ ئالمىسىدىن يەپ باق!"دەپ سەي سەينىڭ چىرايىغا كۆلۈپ تۇرۇپ قارىۋىدى، ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگۈرۈپ :

— ياق، مەن ئالما يېمەيمەن، - دېدى.

— نېمىشكە يېمەيسەن؟

— ئاپام باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى يېمە دېگەن ، ئۈلۈشكۈن ئاپام ئوقۇتىدىغان بىر گۈگۈۋالەن هەدەم بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەن ئىدى. ئۇمۇ جىق ئالما ئېلىپ كەلگەن ئىكەن، ئاپام ئۇنىڭ ئالمىسىنىڭ هەممىسىنى قايتۇرۇۋەتتى.

جاڭ شۈجى تۈنۈگۈن گۈگۈۋالەن ئىزدەپ شۇ ئوقۇغۇچى توغرىسىدا دېگەن گەپ - سۆزلىرىنى ئەسكە ئالدى. ئۇ چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن قەلەمتۇراچنى ئېلىپ بىر تال ئالمىنى ئاقلاپ :

— بۇ ئالمىنى يېسىڭىز ئاپىڭىز گەپ قىلمايدۇ، - دېدى سەي سەيگە ئالمىنى بىر - ۋىتىپ ۋە ئاپىڭىز هەرقېتىم بازارغا بارغاندا ، بىر تاللا ئالما ئەكىلىپ بىرەمدۇ دەپ سورىدى .

— ياق ، بۇرۇن جىق ئالما ئەكېلىپ بىرەتتى،بۇ قېتىم مۇشۇ ئايدا ئاپامنىڭ مائاشى يېتىشمەي قاپتىكەن ، - دېدى.

ئالما ئاقلاۋاتقان جاڭ شۈجىنىڭ قوللىرى بۇ گەپ بىلەن لاغىلداپ تىترەپ كەتتى ۋە ئۆز - ئۆزىگە : " گۈگۈۋالەن بىر ئايدا 42 يۈەن مائاش ئالىدۇ، ماڭا بىر ئەدىيال ئىككى بوتۇلكا هاراق ئېلىش ئۈچۈنلا 20 يۈەندەك پۇل خەجلەپتۇ " دەيتتى.

سەي سەينىڭ قاراقاتتەك پاقىراق كوزلىرى جاڭ شىننىڭ قولىدىكى ئالمىغا قاراپ ئويناپ تۇراتتى . جاڭشىن بولسا ئۇنىڭ كوزلىرىگە سەپ سالاتتى. ئۇ ئالمىنى ئاخلاپ بولۇپ، سەي سەيگە :

— توختاڭ، ئاغزىڭىزنى سۈرتىۋېتەي، ئاندىن ئالمىنى يەڭ ، - دېدى - دە، يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى . بىراق يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى تاپالماي قويدى. ئۇ ئەتراپقا بايقاپ قارىۋىدى، ئۇنىڭ كوزى كاراۋاتنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ياغلىقىغا چۈشتى. ئۇ ، سەي سەيگە : ئاۋۇ كاراۋاتنىڭ ئۈستىدىكى قول ياغلىقىنى ئەكىلىڭ ، دەپ ئىشارەت قىلدى. سەي - سەي ئىشارەت قىلغان تەرەپكە بۇرۇلۇپ قاراپ [illegible]

ىنغا بىرىپ ياغلىقنى ئالغان ئىدى. ئويلىمىغان يەردىن كارۋاتتىكى ياغلىق ئەدىيال بىـ
لەن بىللە ئۇنىڭ قولىغا چىقتى. سەي سەي ئۇنى كورۇپ قاقاھلاپ كۇلىۋەتتى ۋە ئەدىيالنى
كورسۇتۇپ :

ــ ئەدىيالنىڭ يوغان بىر يىرى يىرتىلىپ كەتكەن ئىدى، ئاپام ئەنە شۇيەرنى ياغلىق بىلەن
ياماپ قويغان ، ــ دىدى . بۇ ئەقىللىق بالا يەنە سوزلەۋىتىپ تىخىمۇ قاقاھلاپ كۇلۇپ
كەتتى. جاڭشىن ھەم قاتتىق كۇلگەنلىكتىن ئۇنىڭ كوزىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

كارىدۇردا ئاياق تاۋۇشى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. «تارا ققىدا» قىلىپ ئىشىكنى ئىتتىرىش
بىلەن ئىشىك جاڭشىننى توسۇۋالدى. ئۇ، ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، پاققىدا قىلىپ كارۋاتنىڭ
ئۇستىگە چۇشكەن ھىلىقى پاختىلىق چاپاننى يەنە كوردى ــ دە، ئارقىدىنلا «دوك ــ دوك» قىلىـ
غان ئاياق تاۋۇشى يەنە ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. بۇ چاغدا، سەي سەي ئاشخانىغا كىرىپ
ئاپىسنى چاقىرىشقا تەمشەلگەندە، جاڭشۇجى مېھرىۋانلىق كوزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ
قول ئىشارەت قىلدى ۋە ئۇنىڭغا شىۋىرلاپ، ئاستا ئېنىق قىلىپ: «سىز ئولتۇرۇپ ئالمىڭىز-
نى يەڭ، مەن چىقىپ ئاپىڭىزنىڭ ئىشىغا ياردەملىشىپ بىرەي» ــ دىدى.

جاڭشىن ئاشخانىگە كىرىشكە گوگۇالەن قىزىغا: " سەيسەي، پىياز توغرىۋەت!»-دىدى
جاڭشىن ئۇن ــ تۇن چىقارماي پىيازنى توغراپ ئۇنىڭغا سۇنۇپ بەردى. جاڭيونى ئېلىۋەت.
جاڭ شىن جاڭيو بوتۇلكىسنى ئۇن چىقارماي ئۇنىڭغا يەنە سۇنۇپ بەردى. ئۇزۇن ئوتمەي
قازاندىكى سەي پىشقاندىن كىيىن، گوگۇالەن:

سەي سەي، تەخسىنى ئېلىپ يۇيىۋەتكىن! ــ دەپ ۋاقىرىغان ئىدى. سەي ــ سەينىڭ
ئوتكەن قېتىم تەخسىنى قەيەردىن ئالغانلىغىغا جاڭشىن دىققەت قىلمىغاچقا، ئۇنى تاپالـ
ماي بېشىنى تۇتقانچە تۇرۇپلا قالدى. «تىز بول!» ــ گوگۇالەن كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىغان
ئىدى، ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان جاڭشۇجىنى كورۇپ قالدى.

ــ ۋۇي، جاڭ شۇجى سىزكەنسىزغۇ!-گوگۇالەن چوچۇپ كېتىپ ۋاقىرىۋەتتى ــ دە، ئالدىـ
راشچىلىقتا ھودۇقۇپ قېلىپ كويىۋاتقان ئوتنى ئوچۇرۇپ قويدى.

ــ گوگۇالەن، سىز ئوز ئىشىڭىزنى قىلىۋىرىڭ، بىز سىزنىڭ ئىشىڭىزنى مۇزاكىرە قىـ
لىپ بولدۇق. ئەندى يوتكەش رەسمىيەتلىرىڭىزنى ئوتەشكە تەييارلىق قىلىڭ! بۈگۈن
مەن بۇ ئىشنى سىزگە ئۇختۇرۇپ قويۇشقا كەلگەن ئىدىم،-دىدى جاڭشۇجى.

ــ بۇ نىمە دىگەن تىز ھەل بولغان-ھە؟ ئاپارغان سوغاتنىڭ ئونۇمى، ھەقىقەتەن نىمە
دىگەن تىز ئونۇم بەرگەن-ھە! ــ ئوزى دىگەن بۇ سوزلەرنى گوگۇالەننىڭ قۇلىغى ئاڭلىمىـ
غاندەك قىلدى. ئۇ ئالدىغا تارتىۋالغان پەشتامىنىغا قولىنى سۇرتىۋىتىپ جاڭشۇجىنى ئويـ
گە تەكلىپ قىلدى. بىراق جاڭشۇجى ئويگە كىرمىدى. ئۇ ئاللىقاچان تەييارلاپ قويغان
10 يۇەن پۇلنى يانچۇغىدىن چىقىرىپ، گوگۇالەنگە سۇنۇپ:

ــ سىز ماڭا ئاپارغان ھاراقنى مەن ئېلىپ قالدىم. چۇنكى ھاراقنى ئىچىدىغان سىزنىڭ
ئويىڭىزدە ھىچكىم يوق. مانا بۇ ھاراقنىڭ پۇلى. ئۇنىڭ پۇلى قانچە ئىكەنلىكىنى
مەن ئۇقالمىدىم. بىز كادىرلار ئاممىغا بۇنداق تەسىر پەيدا قىلىشىمۇ ھەقىقەتەن يامان
ۋە ئېچىنىشلىق ئەھۋال. مەن قايتاي. قالغان گەپنى ئەتە مەكتەپكە بارغاندا قىلىشايلى،-

(ئاخىرى 97- بەتتە)




# قەشقەر ھېيتكا جامەسى

مەھەممەت زۇنۇن سىدىق

قەشقەر شەھرىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھېيتكا جامەسى - بۇ قەدىمقى شەھەرنىڭ ئۇزاق تارىخى سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ گۇۋاچىسى، ئىلىم - مەرىپەت، ھۈنەر - سەنئەت ماكانى بولۇشتەك ئېسىل خىسلىتىنىڭ ناماياندىسى، باتۇر، ئەمگەكسۆيەر، ئەقىل - پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلق بىناكارلىقىنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە ئۆزۈندىن بىرى خۇددى ئۆزۈكنىڭ كۆزىدەك جىلۋىلىنىپ تۇرماقتا.

ھېيتكا جامەسى - شەيئىلەرگە ئورتاق بولغان تارىخىي تەرەققىيات جەريانلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، يوقلۇقتىن بار بولدى، كىچىكلىكتىن زورايدى، ھوسنى جامالدا كامالەتكە يەتتى. بەش ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكەزگەن بولسىمۇ، خۇددى تۈنۈگۈن بىنا قىلىنغاندەك تا ھازىرغىچە ھەممە كىشىنى ئۆزىنىڭ سەنئەت جازىبىسى بىلەن مەپتۇن قى-لىپ كەلمەكتە.

ھېيتكا جامەسى - ئۆزىنىڭ تاشقى، ئىچكى قۇرۇلۇش جەھەتتىن پۈتۈنلەي مىللىي ئۇسلۇب ۋە پەننى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي يادىكار-لىقلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1962 - يىلى 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» دە: «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئاسرىلى-دىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇن» دەپ بېكىتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر يىلى يېتەرلىك خىراجەت ئاجرىتىپ مۇھاپىزەت قىلىنىپ كەلمەكتە.

## I

ھېيتكا جامەسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى (شىمالدىن جەنۇبقا) 140 مېتىر، كەڭلىكى (غەربتىن شەرققە) 120 مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 16.800 كۋادرات مېتىر (25.22 موغا تەڭ)؛ ھەجمى جەھەتتىن شىنجاڭدا تەڭ-

دىشى يوق بىردىن ـ بىر چوڭ مەسچىت ھىسابلىنىدۇ.

پۈتۈن جامە « مەسچىت» ۋە «مەدرىس » دەپ ئىككى قىسىمغا بولۇنۇپ سالاسۇللۇق
توساق بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

«مەسچىت» قىسمى ـ ئىچكەركى مەسچىت، تاشقارقى مەسچىت ، ئايۋان دىگەن 3 قىس ـ
سمغا ئايرىلىدۇ.

ئىچكەركى مەسچىتنىڭ ئۇزۇنلىغى 36.5 مېتىر، كەڭلىگى10.5 مېتىر بولۇپ، پۈتۈن مەيدا ـ
نى 456 كۋادىرات مېتىر. بۇنىڭغا تاشقارقى مەسچىت ، ئايۋانلارنى قوشۇپ پۈتۈن ئۈستى
يېپىلغان قىسمىنى ھىسابلىغاندا 2600 كۋادىرات مېتىردىن ئىبارەت. بىرلا ۋاقىتتا
4200 كىشى ناماز قوشۇشقا بولىدۇ.

جامەنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلمىسى ئۇيغۇر بىناكارلىغىنىڭ يۈكسەك سەنئىتى بىلەن مۇ ـ
كەممەل ئىلمىلىكىنىڭ ئۆز ـ ئاراسىغىشكەن مەھسۇلى. چۈنكى تورۇسىنىڭ يېپىلىشى 4
قاتار جەگە (لىم) لىرى قارىسمۇ ـ قارشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان 100 ئارادىن ئىبارەت بو ـ
لۇپ ناھايىتى پۇختا ھىساپلاش نەتىجىسىدە بىر ـ بىرىگە جىپسىلاشتۇرۇلغان توغرا تۈت
بولۇڭلۇق گېئومېتىرىك شەكىللەرنى ھاسىل قىلىپ، خۇددى شاخمەت تاختىسىغا ئوخشايدۇ.
پۈتۈن تورۇسنى 4 قاتاردىن 140 تۈرۈك كوتۈرۈپ تۇرىدۇ (ئىلگىرى ۋە كېيىن تامغا يولەپ
قويۇلغان تۈرۈكلەر بۇنىڭ سىرتىدا). بۇ تۈرۈكلەر تىزىلمىسى ئۆز ئالاھىدىلىگى بويىچە
زىننەت بېرىپ ، پۈتۈن قۇرۇلۇش دەبدەبىلىك مەنزىرە ھاسىل قىلىدۇ. تورۇسلەرنىڭ
ئىچىدىكى 9 ئاراغارەڭ بىلەن مىللى ئۇسلۇپتىكى چىرايلىق گۈل ـ نەقىشلەر سىزىلغان
بولۇپ ، خۇددى لاتاپەتلىك قىزنىڭ مەڭزىدىكى يارىشىملىق مەڭدەك گۈزەللىك بېغىش ـ
لايدۇ.

چوڭ دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان ئاسمان پەلەك مۇنارنىڭ ئېگىزلى ـ
گى 18 مېتىر . ئىككى مۇنارنىڭ ئارىلىغى 28 مېتىر. ھېيت كۈنلىرى ناغرا چېلىش ئۈچۈن
خىزمەت قىلىدىغان پەشتاقنىڭ ئېگىزلىگى 12مېتىر. چوڭ دەرۋازىنىڭ ئېگىز ـ
لىگى 4.7 مېتىر ، كەڭلىگى 4.3 مېتىر كېلىدۇ . بۇ ھەيۋەتلىك چوڭ دەرۋازا سالاپەت ـ
لىك مۇنار ۋە پەشتاقلار ، تامغا چىقىرىلغان مېھراپ شەكىللىك تاكچىلار ۋە نەقىشلار ئۆز ـ
ئارا قوشۇلۇپ كىشلەر نەزىرىدە جىلۋىلىنىپ قويۇق مىللى سەنئەت پۇرىغىنى چېچىپ ئادەم ـ
نىڭ قەلبىگە ھوزۇر بېغىشلايدۇ.

- جۈمە نامىزى ۋە ھېيت نامىزى ئوقۇلىدىغان كۈنلەردە پۈتۈن جامە مەسچىت بولۇپ
خىزمەت قىلىدۇ ۋە 25 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ناماز ئوقۇيالايدۇ.)

## II

تارىخىي خاتىرىلەر ۋە رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ھازىرقى ھېيتگا جامەسى ـ ۋە ھېيت ـ
گا مەيدانى ئىگىلىگەن بۇ ئورۇن، بۇنىڭدىن 5ـ 6 ئەسىر بۇرۇن شەھەر سىرتىدىكى قەبرىس ـ
تانلىق ۋە قومۇشلۇقتىن ئىبارەت بولغان. بۇ قەبرىستانلىققا شۇ زامانلاردىكى ئۆردا خادىم ـ
لىرى ھەم ئۇلارنىڭ ئەجدات ۋە ئەۋلادلىرىدىن قازا تاپقانلىرىمۇ دەپنە قىلىنغان.

بۇنىڭدىن بەشيۈز يىللار بۇرۇن ئوتكەن قەشقەرنىڭ ھاكىمى ساقسىز مىرزا مۇشۇ قەب ـ

رىستا ئىلىققا دەپمۇ قىلىنغان، ئۆرۈك - توققۇز ئىلىرىنىڭ تۆپراقلىرىنى يوقلاپ كەلگەن كىشى-
لەرنىڭ ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن بىر مەسچىت ياسىتىش نىيىتىگە كېلىپ، ھىجرىيىنىڭ 846-
يىلى(مىلادىيە 1442-يىلى) ھېيتكا جامەسىنىڭ ھازىرقى ئىچكەركى مەسچىت دەپ ئاتىلىد-
غان قىسمىنىڭ ئورنىدا كىچىك شەكىللىك بىر مەسچىت ياسىغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ جايدا
تۇنجى مەسچىت بەرپا بولغان.

تۇنجى مەسچىت ياسىلىپ 100 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىكى
قەشقەرنىڭ ھاكىمى ئۇبۇلھادى بەگنىڭ تاغىسى مىرزا ئەزىز ۋەلى دېگەن كىشى ۋاپات بو-
لۇپ مۇشۇ ئەتراپقا دەپنە قىلىنغان. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوبۇلھادى بەگدە بىرەر خاس-
يەتلىك ئىش قىلىپ ئۇنىڭ ساۋابىنى مەرھۇم تاغىسىغا بېغىشلاش خىيالى تۇغۇلىدۇ-دە،ھى-
جرىيىنىڭ 944- يىلى (مىلادىيە 1538- يىلى) تۇنجى مەسچىتنى كېڭەيتىپ يېڭىۋاشتىن ياس-
غان ھەم «بەشۋاخ ناماز» ئوقۇلىدىغان ئادەتتىكى مەھەللىۋى مەسچىتنى جۈمە نامىزى ئو-
قۇلىدىغان «جامە» قىلىپ ئۆزگەرتكەن.

شۇنىڭدىن 250 يىل كېيىن ھازىرقى يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق خانىرىق يېزى-
سىدىن زۇلپىيە خېنىم دېگەن بىر ئايال نۇرغۇن يول راسخودى ئېلىپ مەككىنى زىيارەت
قىلىپ، ھەج قىلىپ كېلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىققان. چەت مەملىكەتلەردىكى يەرلىك ماجرا-
ئورۇش - جېدەللەر تۈپەيلىدىن سەپەرنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرالماي قايتىپ كەلگەن. زۇل-
پىيە خېنىم ئېشىپ قالغان زادراھىلە (يول راسخودى) سىنى سەرپ قىلىپ، ساۋاپ ئىز-
دەپ ھىجرىيىنىڭ 1201- يىلى (مىلادىيە 1787- يىلى) ھېيتكا جامەنى كېڭەيتىپ يېڭىۋاش-
تىن تەمىر قىلىپ ياسىغان. بۇنىڭ بىلەن زۇلپىيە خېنىم جامەنى زور دەرىجىدە كېڭەيتىپ تەمىر
قىلغۇچىنىڭ ئۈچىنچىسى بولغان.

19- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەرگە ھاكىم بولغان
تۇرپانلىق ئىسكەندە ۋاڭ ھايات تۇرۇپ ئۆزىگە گور كولۇتۇپ گۈمبەز ياساتماقچى بولىدۇ-
دە،ھىجرىيەنىڭ 1224 - يىلى (مىلادىيە 1809 - يىلى) شەھەرنىڭ جەنۇپ تەرىپىدىكى پاي-
ناپ يېزىسىغا ھەشەمەتلىك گۈمبەز ياسىغان (ھازىرقى شەھەرلىك پارتكوم كادىرلار قورو-
سى ئىچىدىكى كۆك گۈمبەز). بۇ گۈمبەزگە تۇرلۇك ئالۋاڭ - ياساقلار بىلەن يىغىلغان،
خەلقنىڭ مېھنەت بەدىلىگە كەلگەن بايلىق سەرپ قىلىنغانلىقتىن، كەڭ خەلق ئارىسىدا
قوزغالغان ھەققانى نارازىلىق سادالىرىنى پەسەيتىش مەقسىدىدە گۈمبەز ياسىتىش بىلەن
بىرلىكتە ھېيتكا جامەسىنى ئومۇميۈزلۈك رېمونت قىلغان ۋە ئىچىگە كول كولۇتۇپ،
ئېرىق چاپتۇرۇپ، دەرەخ تىكىپ گۈزەللەشتۈرگەن.

تەخمىنەن ھىجرىيەنىڭ 1235 - يىلى (مىلادىيەنىڭ 1820 - يىلى) قەشقەردە بىر
قېتىم قاتتىق يامغۇر يېغىش نەتىجىسىدە جامەنىڭ تورۇسلىرى خېلى ئېغىر دەرىجىدە زەخ-
مىلەنگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي نېدىر خوجا ئەبىرىشىنكا دېگەن كىشى تەرىپىدىن، زەخمىلەنگەن
جايلىرى تۈزۈتۈلۈپ ئومۇمىيۈزلۈك رېمونت قىلىنغان.

شۇنىڭدىن 20 يىلچە كېيىن، يەنى ھىجرىيەنىڭ 1255 - يىلى (مىلادىيە 1839 - يىلى)
شۇ چاغدىكى قەشقەرنىڭ ھاكىمى زوھورىدىن ھاكىم قەشقەرنىڭ تاشقارقى شەھەر دەپ ئا -

تالغان قىسمىغا سېپىل سوقتۇرۇپ شەھەرنى كېڭەيتكەن. بۇنىڭ بىلەن 400 يىلدىن بىرى شەھەرنىڭ سىرتىدا بولۇپ كەلگەن بۇ مەسچىت شەھەرنىڭ ئىچىدىكى جامەگە ئايلانغان. ئەتراپىدىكى قومۇشلۇق، يانتاقلىقلارمۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆز قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ ، كوچۇم مەھەللە، ئاۋات شەھەر بازىرى بولۇپ قالغان.

زوھورىدىن ھاكىم جامەنى شەھەرنىڭ ئىچىدىكى جامە بولۇشىغا نىسبەتەن كوركەم ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ ئومۇمى كولىمى جەھەتتىن زور ئۆزگەرتىش كىرگۈزمىگەن بولسىمۇ، زىننەت ۋە سۈپەت جەھەتلىرىگە ئالاھىدە ئىرىشچانلىق كورسۈتۈپ قايتا رېمونت قىلدۇرغان.

19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى شىنجاڭدا بەدەۋلەت (ياقۇپ بەگ) ھاكىمىيىتى تىكلىنىپ، قەشقەرنى پايتەخت قىلغان. بەدەۋلەت ھوكمىرانلىق قىلغان دەۋرىدە خەلق كوڭلىنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جەنۇبى شىنجاڭدا كوپلىگەن مەسچىت، مەدرىس، مازار ۋە لەنگەرلەرنى ياسىغان. شۇ جۈملىدىن ھىجرىيىنىڭ 1290 - يىلى (مىلادىيە 1872 - يىلى) ھېيتكا جامەسىنى كېڭەيتىپ باشقىدىن تەمىر قىلغان. غەرپ تەرەپنى مەسچىت، شەرق تەرىپىنى مەدرىس قىلىپ ئىككى قىسىمغا بولۇپ، مەدرىس قىسمىنىڭ شىمال، شەرق ۋە جەنوپ تەرەپلىرىگە 24 ئېغىزدىن 72 ئېغىز ھوجرا ، شەرقىي شىمال بۇرجىكىگە 100 دىن ئارتۇق كىشى بىمالال يۇيۇنالايدىغان كاتتا ھاممام ( مۇنچا )، مۇنار ، گۈمبەز ، پەشتاق ، دەرۋازا قاتارلىقلارنى ياسىغان . شۇنىڭ بىلەن ھېيتكا جامەنىڭ ھازىرقى قىياپىتى شەكىللەنگەن .

ھىجرىيىنىڭ 1320 - يىلى( مىلادىيە 1903 - يىلى ) قەشقەردە ئاپەت خاراكتېرلىك قاتتىق يەر تەۋرەپ ، يەر يېرىلىپ ، ئۆي - ماكانلار ئورۇلۇپ خەلقنىڭ مال - مۈلكىگە زور زىيان يەتكەن . بۇنىڭ بىلەن ھېيتكا جامەنىڭ تاشقارقى مەسچىت قىسمىغا خېلى ئېغىر زىيان يېتىپ بەزى يەرلىرى ئورۇلۇپ كەتكەن ، بەزى يەرلىرى زەخمىلەنگەن . مۇنارنىڭ ئۈستى تەرىپى زىل - زىلىگە بەرداشلىق بىرەلمەي يىقىلىپ چۈشكەن . سول تەرەپتىكى مۇنارغا دەز كېتىپ خەۋپلىك ھالەتكە چۈشۈپ قالغان .

ھىجرىيىنىڭ 1322 - يىلى ( مىلادىيە 1905 - يىلى ) شۇ چاغدىكى قەشقەرنىڭ ئاتاغلىق بايلىرىدىن « ئاخۇنبايىيلار » دەپ ئاتالغان تۇردى باي ھاجىم ، كېرىم بايۋەچچىلەر تەرىپىدىن رېمونت قىلىنىپ ، يەر تەۋرەش ئاپىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋەيرانچىلىق پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن .

شىڭشىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، قەشقەردە قۇرۇلغان ماﺋارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدىكېرىمخان مەخسۇمنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ھىجرىيىنىڭ 1352 - يىلى ( مىلادىيە 1934 - يىلى )جامە بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان . ئىچىدىكى قېرى ، ئېگىز - پەس قويۇلغان كونا دەرەخلەر چىقىرىپ تاشلىنىپ ، رەتلىك يېڭى دەرەخلەر قويۇلغان . كول قايتىدىن چېپىلىپ، ئەتراپىغا سالاسۇن ( شادا ) بىكىتىلگەن .

ھىجرىيىنىڭ 1354-يىلى ( مىلادىيە 1936-يىلى) « ئىسلاھى مادارىس ۋە مەساجىتھەيئىتى » ( مەدرىس ۋە مەسچىتلەرنى رېمونت قىلىش ھەيئىتى ) دىگەن خەلق تەشكىلاتى تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك رېمونت قىلىنىپ جامەنىڭ شىمال ۋە جەنۇپ تەرىپىگە ئىككى يان دەرۋازا ئېچىلىپ كىرىش ۋە چىقىش راۋانلاشتۇرۇلغان .

ھىجرىيىنىڭ 1355 - يىلى ( مىلادىيە 1937-يىلى ) .دىكى شەھەر كوچىلىرىنى كېڭەيتىش ھەركىتىدە جامەنىڭ شەرق تەرىپىدىكى 24 ئېغىزلىق ھوجرا ۋە ھاممام ( مۇنچا ) قوشۇلۇپ چېقىۋېتىلگەن. تامىنىڭ ئورنىغا سالاسۇن ئورنىتىلىپ،جامەنىڭ ئىچكى مەنزىرىسى سىرتتىن بىۋاستە كورۇنۇپ تۇرىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن .

ئازاتلىقتىن كىيىن ھېيتكا جامەنىڭ يېڭى باھارى باشلاندى . پارتىيە،خەلق ھوكۇمىتى « ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نوقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنى يادىكارلىق » ئورنى دەپ قاراپ بىر قانچە قېتىم چوڭ - كىچىك رېمونت قىلىپ شىكەستلەنگەن جايلىرىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۇردى. بولۇپمۇ 1955 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن چوڭ كولەمدە رېمونت قىلىنىپ ، سىرلاپ ، ئاقارتىپ تېخىمۇ گۇزەللەشتۇرۇلدى . شۇندىن باشلاپ پارتىيە،ھوكۇمەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە مەدەنى يادىكارلىقلارنى ئاسراش-باشقۇرۇش تارماقلىرى ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ يۇكسەك نەمۇنىسى سۇپىتىدە ھەر يىلى بەلگۈلۈك ئىقتىسات سەرپ قىلىپ قوغداپ كەلمەكتە .

»»»»»»»»»»»»»»»»»»»»»»»»»»»»»»»»»»»»»»»»»»

(بېشى 92 - بەتتە)

دىدى- دە، گەپنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، جالىشىن ئاشخانىدىن چىقتى، ئاندىن ئىشكەركى ئۆيدىن تور سومكىسىنى ئېلىپ بىنادىن چىقىۋېتىپ، :

- بولدى، ئەندى ئۇزاتماڭ، تۇرۇپ قېلىڭ، تامىغىڭلار سوۋۇپ قالدى،-دىدى.

گوگوۋالەن ئاشخانىغا كىرىپ، سەينى ئۇسۇپ بىر تال ئالما بىلەن 10 يۇەن پۇلنى ئېلىپ ئىشكەركى ئۆيگە كىردى. ئۇ ساندۇقنىڭ ئۇستىدە تۇرغان گۇللۇك ھاۋارەڭ ئەدىيالنى كورۇپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرغانچە قېتىپلا قالدى. ئۇ، ئەدىيالنى قويۇپقويغاننى سەي-سەيمۇ كورمىگەن ئىدى. ئوگلەك جوزىنىڭ ئۇستىدە بىرمۇنچە ئالما تۇراتتى. سەي سەي بولسا بىر تال ئالمىنى يەپ ئولتۇراتتى. سەي سەي ئاپىسىنىڭ خاپا بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئالدىراپ - تىنەپ:

- ئاپا، بايىقى تاغام بۇ ئالمىنى سىز يىسىڭىز ئاپىڭىز ئۇنايدۇ. خاپا بولمايدۇ دىگەچكە، مەن بۇ ئالمىنى يىدىم. ئاپا سىز خاپا بولمايسىز-ھە؟ - دەپ سورىدى. گوگوۋالەن بالىسىنى باغرىغا بېسىپ:

- ئاپاڭ خاپا بولمايدۇ. يەۋەگىن بالام. ئەندى بىزگە ياخشى بولدى...،- دىدى.

سەي سەي بېشىنى كوتۇرۇپ ئاپىسىغا قارىدى ۋە ھەيران بولغان ھالدا :

- ئاپا سىز نىمە ئۇچۇن يىغلايسىز؟ - دەپ سورىدى.

(ئابدىرېھىم مەھەممەت تەرجىمىسى)

# ئالا نىيەت باشقا بالا

(شۇنامىلىق ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن رادىيو دىرامىسى)

## قۇربان ئىمىن

ئاۋاز بەرگۈچىلەر

| | |
|---|---|
| موماي | 75 ياشلاردا |
| جۇرئەت | 10 ياشلاردا |
| ئارزۇ | 8 ياشلاردا |
| بوۋاي | 70 ياشلاردا |
| باي | 40 ياشلاردا |
| خانقىز | 19 ياشلاردا |
| پادىشا | 50 ياشلاردا |
| شاھزادە | 30 ياشلاردا |
| مۇلازىم | 45 ياشلاردا |
| ھوكۇما | 65 ياشلاردا |
| ۋەزىر | 55 ياشلاردا |

ئۇندىن باشقا ئۇلىمالار، نوكەرلەر، جەللاتلار، دېدەك قىزلار، مەھرەملەر، ھوپىگەرلەر بىر قانچە كىشى.

### مۇقەددىمە

(سۈزۈك ئاسماندا ئوغاق شەكىللىك ئاي، يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان بىر ئاخشىمى ئازادە مېھمانخانىدا قولىدىكى گۈلدەستىنى لوڭقىغا جايلاشتۇرۇۋاتقان موماينىڭ ئالدىغا ئىككى نەۋرىسى خوشاللىق بىلەن كىرىپكەپتۇ)

جۇرئەت: موما، بىز چۆچەك ئاڭلىغىلى كىردۇق.

ئارزۇ: ئەكام بىلەن ئىككەيلەن ئاڭلايمىز.

موماي: ئۇخلىساڭلار بولمامدۇ؟

جۇرئەت: ئەتىگەندىن بىرى يامغۇر ياغدى، تالاغا چىقالماي ئۇخلاپ زېرىكتۇق.

ئارزۇ: چوڭنا، مەنمۇ ئۇخلىغان، ئەمدى ئۇيقۇم يوق، تازا قىزىق بىر چۆچەك ئېيتىپ بېرىڭە!

موماي: شۇندا قمۇ؟

جۇرئەت: ھەئە، ئوبدان موما، تاتلىق موما! قىزىقىدىن بىرنى ئېيتىپ بېرىڭە!

ئارزۇ: سىز ئاخشاملىققا قىزىق چۆچەك ئېيتىپ بېرىمەن دېگەنتىڭىزغۇ؟

موماي: (كۈلۈپ) ماقۇل ئەمىسە، سىلەرگە ئاۋال تېپىشماق دەپ بېرەي. ئۇنى تاپساڭلار ئاندىن سىلەرگە ئاجايىپ قىزىق بىر چۆچەك ئېيتىپ بېرەي.

ئارزۇ ماقۇل، مەن تاپاي.
جۇرئەت ئۇكام، ئاۋال چوچەك ئاڭلايلى.
ئارزۇ ( ئەكىلەپ ) هە، راست، ئاۋال چوچەك ئاڭلايلى.
موماي ( كۇلۇپ ) ئەمسە ئۇنداق بولسا ماڭا يېقىن ئولتۇرۇڭلار، قۇلـ
غىڭلارنى دىڭ، ئۇزۇڭلارنى چىڭ تۇتۇڭلار جۇمۇ؟

جۇرئەت، ئارزۇ (كۇلۇشۇپ) ماقۇل.

موماي بۇرۇننىڭ بېرىسىدا يولۋاس سوراقچى ئىكەن، مايمۇن بوياقچى ئىكەن، تايغان يالاقچى، بورە قاراقچى ئىكەن، تۇلكە ئالدامچى ئىكەن، توخۇ داڭگالچى ئىكەن، توگە يالغانچى ئىكەن. يامغۇرى يوق، گۇلدۇرى بار بىر يەردە بىر بوۋاي بار ئىكەن. بوۋاي بىر بىخىل بايغا چاكار ئىكەن ···

1

(بوۋاي باينىڭ يوغان دەرۋازىسىدىن ئۇزى باققان شاش بىر ئاتنى يوتۇلەپ چىقىپتۇ. ئۇدۇلدىكى ئېرىق بويىدا خانقىز ئىككى هەمراسى بىلەن ئالتۇندەك سارغىيىپ پىشقان جىگدىلەرنى قېقىۋاتقان ئىكەن. قىزنىڭ قولىدىكى ئۇزۇن شوپۇڭنىڭ پۇلاڭلاپ شاخلارغا ئۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ بوۋاينىڭ قولىدىكى ئات خاقىراپ ئورىدىگەن پېتى ئاغامچىنى ئۇزۇپ، قېچىپ كېتىپتۇ. بوۋاي پايپاسلاپ ئاتنى قوغلاپ كېتىپتۇ. )

بوۋاي ( ئاتقا قاراپ يـۇگۇرۇۋېتىپ ) هە ــ هە ··· تىر ــ تىر ··· دەپـ
تۇ. ئاتنىڭ هۇر كىشى بىلەن تەڭلا خانقىز قورقۇپ كېتىپتۇ.
خانقىز ئاه ··· ۋايجان! ( دەپ، ئۇزىنى يېنىدىكى قىزلارغا تاشلاپتۇ )
قىزلار ئاه ـ ئاه ··· ۋاي خېنىم، باشلىرىنى كوتەرسىلە، كوزلىرىنى ئاچسىلا!
(دىيىشكەنلىرىچە خانقىزنى ئويگە ئېلىپ كىرىپ كېتىشىپتۇ)

2

(مانا بۇ ياسىداق پىشايۋاننىڭ سۇپىسىدا ئۇزى يەلتوپىتەك دوغىلاق، باداڭ قوساق، بېشىغا كەيگىنى كەمچەت تۇماق، ئالا بەقەسەم تونلۇق، ياپما قاپاق، نوگاي بۇرۇنلۇق، ساچقان بۇرۇتلۇق، بېلى بوش، زەردە گوش باي ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ ھىلىقى بوۋايغا مۇنداق دەپتۇ:)

باي مەن كىم؟
بوۋاي باي هەزرەتلىرى.
باي باي نىمىنى ياخشى كورۇدۇ؟
بوۋاي هەزرەتلىرى ئۇچ نەرسىنى ياخشى كورىلا: بىرىنچىسى پۇل، ئىككىنـ
چىسى پادىشانى، ئۇچىنچىسى هە ــ هە... (سەل تۇرۇۋېلىپ ) خېنىمنى ــ هە
خانقىزنى.
باي قىزىم نىمىنى ياخشى كورۇدۇ؟
بوۋاي جىگدە پۇچۇلاپ يېيىشنى.
باي جىگدە قەيەردە بار؟
بوۋاي مەن كەتمەن چاپقان يەرنىڭ هەممىسىدە بار.
باي خوش... سەن نىمىشقا خانقىزنى جىگدە قاققىلى قويماي قورقۇتۇ-

ۋەتتىڭ؟ ئىمانچىلا يوغۇناپ كەتتىڭ سەن؟

بوۋاي — يوقسۇ، باي ھەززەتلىرى، خانىقىز جىگدە قاقىمەن دەپ، قولىدىكى ئۇزۇن بىر شوپۇكنى پۇلاڭلىتىۋىدى. ئات ھۇركۇپ كېتىپ مېنى سورىگەنچە قېچىپ كەتتى، خانىقىزنى مەن قورقۇتامدىغان ؟

باي — ئاتنى ئىمىشقا چىڭ تۇتمىدىڭ؟

بوۋاي — ئاغامچىنى قولۇمغا چىڭ يوگەپ تۇتۇۋالغان ئىدىم ، خۇمپەر ئات ئاغامچىنى بىر سىلكىپ ئۇزۇپ قاچتى. ئامال قانچە؟

باي — (ئاچچىغى ئورلىگەن ھالدا ) ھە... ئەمدى مېنىڭ ئېتىم " خۇمپەر " بولدىمۇ؟ ھە... ئادەم بالىسى باقساڭ ئاغزى - بۇرنىڭنى قان ئېتۇر، ھايۋان بالىسى باقساڭ ئاغزى - بۇرنىڭنى ياغ ئېتۇر. راستىما؟ خانىقىز سېنىڭ كاشىلاڭدىن ھازىر ئادەم تونىماي ياتىدۇ. ئانىسىنىڭمۇ ھېچ ھالى يوق. مېنىڭ ساڭا ئېيتىدىغان بىرلا گېپىم: ھازىر ئۆيدىن چىق، نەگە بارساڭ بار، سەندەك چاكارنىڭ كېرىگى يوق.

بوۋاي — باي ھەزرەتلىرى، ئۇنداق قايىمىسىلا. مەن ئايىغىم چىققاندىن تارتىپ مۇشۇ ئۆيىنىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنى قىلىپ كەلدىم. مەرھۇم دادىلىرى مېنى ئۆزلىرىگە قالدۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

باي — ئۇنداق گەپنى دەۋەمە. بىر ئاتنى تۇزۇك سۇغۇرۇپ كىلەلمىگەن ھالىڭغا يەنە نىمە دەپ گوك - گوك قىلىسەن؟ بار - چىق!

بوۋاي — باي، ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە! كۈچۈم بار چاغدا چىداپ ئىشلىدىم. بىر ئۆيگە مالىك بولالماپتىمەن، پەرزەنت يۈزىمۇ كورمەي چاچ - ساقىلىم ئاقىرىپتۇ. ئۆمرۈم بويى بىكارغا ئىشلەپ كۈنۈم كېتىپتۇ. ئاغزىم كويگىندەك غىزا يىمەپتىمەن، قولۇم بىر تەڭگىنىڭ سۇنىغىنىمۇ كورمەپتۇ.

باي — سەن مېنىڭ خۇيۇمنى بىلىسەن. مەن بىرلا گەپ قىلىدىغان ئادەم . ئۆيدىن چىق دىدىممۇ، ئۆيدىن چىقىسەن، گەپ تامام- ۋەسسالام.

بوۋاي — ئىنساپ قىلسىلا باي!

باي — (ھورپۇيۇپ ) ئىنساپ؟ ئىنساپ دىگەن مانا! (دەپ كەينىدە تۇتۇپ تۇرغان چىلقامچىسىنى كورسۇتۇپ قويۇپتۇ. ئاندىن ) بۇنى يەنە ئولگىدەك يەيسەن. ياخشىلىقچە يولۇڭغا ماڭ، كۇدۇڭنى كۇن ئەت! خۇدانىڭ ئاسمىنى كەڭرى، ئاغامچىسى ئۇزۇن (دەپ، خۇمارىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ).

بوۋاي — باي - باي ••• (دىگىنىچە ئارقىسىدىن ئىنتىلىپ قاپتۇ. ) ھەي ئېسست! خەير ••• جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان ••• (دەپ ئاپپاق ساقىلىنى سىلاپ - سىلاپ، ئۆزى ئەي قىلغان دەل - دەرەخ شاخلىرىنى سىلىق ئېگىپ سوزلەپتۇ ) خۇش ئەمىسە، سىلەرنى ئاسراپ كوكەرتكەن ۋاپادارىڭلار ئەمدى يىراقلارغا باش ئېلىپ كېتىدۇ، خوش ..! (يوپۇرماقلارنى كىزلىرىگە سۈرتكىنىچە گۇسۇلدەپ كېتىپ قاپتۇ. يول بويىدىكى جىگدە، سوگەت، سۇۋادان تېرەكلەر يۇمشاق سىلكىنىپ، قۇچقاچ، پاختەكلەر يېقىملىق سايرىشىپ، ئېرىق - ئوستەڭ سۇلىرى شوخ شىلدىرلىشىپ، ئوتلاۋاتقان قوزا - قويلار بوۋابغا قارىشىپ ئىچ ئاغرىتقاندەك مەرىشىپ: "خوش ئەمگەكچان بوۋا! سېنىڭ پىشانە تەرلىرىڭ بىزگە ھوزۇر ياراتقان

ئىدى، بىز ئەمدى سەن غەمخورىمىزدىن مەڭگۈ ئايرىلدۇق ....» دەپ ئو-
زۇتۇپ قويۇشۇپتۇ.)

3

( بوۋاي يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ مۈرىسىدە ھازىر ئەسكى
خوجۇلدىن باشقا ھېچ نىمە يوق ئىكەن. مانا ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئىشىگى
ئالدىدا بىر بۇردا نان ئۈچۈن تەلمۈرۈپ تۇرۇپتۇ).

بوۋاي: ھەق ... شەيدىللا، غېرىپلىرى كەلدى، بالا كەلمىسۇن!

قىز: (ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ) مانا تاغا (دەپ بىر پارچە ناننى
ئۇزۇتۇپتۇ.)

بوۋاي: (قىزغا يۇمشاقلىنا تازىم قىلىپ ) رەخمەت قىزچاق ، رەخمەت!
بەخت گۈلىڭىز پورەكلەپ كەتسۇن! (دەپتۇ - دە، يولىغا راۋان بوپتۇ.
يولدا ئۇچراتقان كىشىگەسازا قىلىپ قول ئۇزۇتۇپتۇ. ئۇلارنىڭ بەرگىنى
بېرىپتۇ، بەرمىگىنى ئۇدۇل كېتىۋېرىپتۇ. بوۋاي شۇ ماڭغانچەمېڭىپ ئاخى-
رى ئادەملىرى مىغ - مىغ بىر شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. بۇ شەھەر بولسا يو-
غان تومۇر دەرۋازىلىق، ئېگىزدە راۋاقلىرى بار سېپىل بىلەن ئورال-
غان ئىكەن. بوۋاي دەرۋازىدىن كىرىشكىلا ئۇستى يېپىقلىق مەيلەرنىڭ
كولدۇرمىلىرىنى جىلدىرلىتىپ ئوتكەنلىرىنى، ئادەملەرنىڭ نېرى تۇر -
بېرى تۇر دەپ ۋاقىراشلىرىنى كوزدىن كوچۇرۇپ ھەيران ھەس بولۇپ مې-
ڭىۋېرىپتۇ. شۇنداق ماڭغانچە ھوپىگەرلەرنىڭ خېرىدارلارنى ئالدىغا چا-
قىرىپ : "پوش - پوش!» ، "ياغ يەپ كەت - ياغ يەپكەت!» ، "پولۇجان
پىشتى! » ، "مېھمانىغا بىر مانتۇ، ئىككى مانتۇ ... مانا بەش مانتۇ!»،
"تونۇرى سېغىزدىن گوش گىردە، خېمىرى مېغىزدىن گوش گىردە! »،
"بەررە كاۋاپ - شاشلىك!»، "ئەش شاپتۇل - ئەش شاپتۇل،داچىنىگگەبەش
شاپتۇل»، "ھە ... شېكەر پەشمەك! » ، "قەنداۋلەت - قەنداۋلەت، مۇز
داۋاندىن تارتىپ كەلگەن، مايماق توگىگە ئارتىپ كەلگەن ..!» - دەپ
توۋلاشلىرىنى ئاڭلاپ، يېڭى بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك بولۇپتۇ. بو-
ۋاي شۇ قىزىقچىلىقتا شەھەر كۇزەرلىرىدە يەتتە - سەككىز دىۋانىنىڭ يو-
لىنى توغرا كېسىپ غاز قانىتى بولۇپ تىزىلىپ، ئالدىدىكى جېرىدە تو-
مغىنى تەتۈر كىيىپ پىقىراپ تەلقىن ئېيتىۋاتقان باشلامچىسىغا ئەگە-
شىپ كېتىپ بارغانلىقىنى قىزىقىپ قاپتۇ:)

جېرىدە: يا ئاللا دوس، يا ئاللا

دىۋانىلار: ھەق دوس، يا ئاللا ...

جېرىدە: ئەنتەلھازى - ئەنتەلھەق،

دىۋانىلار: يا ئاللا دوس يا ئاللا،

جېرىدە: لەيسەلھازى ئىللاھۇ.

دىۋانىلار: ھەق دوس، يا ئاللا ... (دەپ، يولۇچىلاردىن نەرسە تىلەيدىكەن. بو-
ۋاي بۇ كۇزەردىن ئوتۇپ، ئۇلاغ بازىرىغا كەلسە چاچلىرى ئوسۇپ قاق
گەردەنگە چۈشكەن، جۇل - جۇل كىيىملىك بىر توپ دىۋانىلەر ھالقا شە-
كىللىك ئولتۇرۇشۇپ، ساپايىنى بىر خىل رېتىمدا چېلىشىپ مەشرەپ قىلى-
ۋاتقانلىقىنى ئۇچرۇتۇپتۇ)

مەن قەلەندەر شاھى مەن (ئاللا)،
ئالەم ماڭا ۋەيرانىدۇر (ئاللا).
قول تۇتارغا رەھنىمايى (ئاللا)،
مەردى ساھىپ كارىدۇر (ئاللا).

( ئۇ تەرەپكە بارسا كەڭ بىر سەينادا بىشىغا ئاپپاق سەللە ئورىغان ئورۇقىنا بىر ئادەمنىڭ مۇنداق نەئىت ئوقۇۋاتقىنىنى ئاڭلاپتۇ ) سىنىڭ نەئتەڭنى مەن ئېيتاي، يارى بەرگىل سەيىمدۇ بەردا، تۇپەيلىڭدىن بىنا بولدى،زىمىنمۇ - ئاسمان بەرپا.

**بوۋاي** (ئويلۇنۇپ مىڭىپ ئوز - ئوزىگە دەپتۇ:) تىرىكچىلىك ... بۇ شەھەردىمۇ كۈن ئالماق بەسى مۇشكۈل ئىكەن. ئۇھ ... (ئۇ، شۇ ماڭغانچە بىر بىسىپ، ئىككى بىسىپ ھەشەمەتلىك بىر ئوردىنىڭ ئالدىغا كىلىپ قاپتۇ. ئوردىنىڭ ئالدى ئالتۇن ھەل بىلەن رەڭگا - رەڭ نەقىشلەنگەن، دەرۋازىلىرى ھەيۋەت سىرلانغان، گۈلدار، ھالقىلىرى ئالتۇندىن، بوسۇغىلىرى كۈمۈچتىن، ئېگىز، مەزمۇت تۈۋرۈكلىرى بولسا مەرمەر تاشتىن ئىكەن. دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بولسا ئىككى جا يولۋاس خۇددى توپتەك يۇمۇلاق تاشقا چىڭ دەسسەپ، كوزلىرىنى چەكچەيتىپ، يالپاق تىللىرىنى چىقارغان پېتى قاراپ تۇرۇدىكەن. دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتىدا ئايپالتىلىرىنى مەھكەم تۇتقان ھەيكەلدەك قاتقان ئىككى پاسىبان ( نوكەر ) روبىرو تۇرۇشىدىكەن. بوۋاي ئۇلارنىڭ ئالدىغا كىلىپ، دەرۋازىدىن كىرمەكچى بولۇپتۇ - دە، پاسىبانلار ئۇنىڭ ئالدىنى ئايپالتا بىلەن توسۇۋېلىپ سوراپتۇ ).

**پاسىبان** توختا، نەگە بارىسەن؟

**بوۋاي** مەن بىر گاداي، شاھى سۇلتانغا ئەرزىم بار.

**پاسىبان** توختاپ تۇر، پادىشا ئالىلىرىدىن ئىجازەت بولغاندا كىرىسەن ( دەپتۇ. بوۋاي جايىدا قىمىرلىماي تۇرۇپ قاپتۇ. خەۋەرچى ئىچكىرىگە كىرىپ بىر دەمدىن كىيىن چىقىپ باش ئىشارەت قىپتۇ. ئاندىن بوۋاي كىرىپ كىتىپتۇ.)

4

(بوۋاي بىر نەچچە دەربەن ئاتلاپ قارىغىدەك بولسا ئوردا ئىچى ئاجايىپ سەلتەنەتلىك بولۇپ، گۈللۈك مەرمەر تۈۋرۈكلەرگە ئىسىل قەندىللەر ئورنۇتۇلغان، ئىشىك - دەرىپەرلىرىگە ئەڭ نازۇك گۈللەر نەقىشلەنگەن، نەپىس يىپەك - دۇردۇن پەردىلەر تارتىلغان، قىسقىسى ھەممە ياق نۇر بىلەن ۋالىلداپ تۇرۇدىكەن.

شاھ بولسا گوھەردىن كوز قويدۇرۇلغان ئالتۇن تاجىنى كىيىپ شاھانە كۇرسىدا خوشال كەيپىيات بىلەن كىرىلىپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭ ھوزۇرىدا دولەتمەن ۋەزىر، مۇلازىملىرى ئېھتىرام بىلەن تۇرۇشىدىكەن.)

**بوۋاي** ( تەخت ئالدىغا تارتىنماي كىلىپ، شاھقا تازىم بىجا كەلتۈرۈپ ) ئەسسالامۇئەلەيكۇم ! ئەي، شاھى جاھان ! ئادالەت تەختىدە بول ئامان!

**شاھ** ( تەكەببۇرانە قىياپەتتە ) ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، نىمە ئەرزىڭ بار؟

**بوۋاي** ھورمەتلىك شاھ ! مەن بىر سەرگەردان - دىۋانە غېرىپ - بىچارىمان. ساڭا يىقىن ھەمرا بايغا چاكار بولۇپ، ئومرۇم غۇنچىسى سولاشتى. ياش

ئىدىم ، كۈچۈم بار ئىدى . كۈن بويى قولۇمدىن كەتمەن چۈشمىدى ، يەر تېرىدىم ، ئېرىق چېپىپ سۇ باشلاپ كەلدىم . ئۇرۇق سالدىم ، ئوما ئوردۇم ، چوللەردە بوستانلىق ياراتتىم ، كوچەت تىكتىم ، باغ - ئورمان ئەھيا قىلدىم . توقاچنى باي يېدى ، كېپىگىنى مەن . راھەتنى باي كوردى ، مۇشەققەتنى مەن تارتتىم . باي سەمرىسە مەن قۇرۇق ئۇستىخان قالدىم . پۈتۈن كۈچۈم بايغا كەتتى . ياشلىقىم ئېرىقتىكى لاي سۇدەك ئېقىپ كەتتى . ئەمدى چاچ - ساقاللىرىمغا ئاپپاق قىراۋ قوندى ، بىلەكىمنىڭ مادارى كەتتى . دۇنيادا يالغۇز ياشىدىم ، پەرزەنت يۈزىنى كورمىدىم . ھوزۇرۇمدا تىك تۇرغان كورۇنۇشىمدىن باشقا ھېچ نەرسەم يوق . باي مېنى ئىت ئورنىدىمۇ كورمەي مۇشۇ قىش - زىمىستان كېلىۋاتقان كۈنلەردە ئويىدىن قوغلاپ چىقاردى ! ئۇ ، ياخشىلىققا يامانلىق قىلدى . پادىشا ئالىلىرىغا مۇشۇ ئەرزىمنى بايان قىلاي دەپ كەلدىم . ئادالەت قولۇڭ بىلەن مۇشەققەت چەككۈچىلەرگە مەرھەمەت قىلىشىڭنى ئۈمىت قىلىمەن .

شاھ    ھەي مۇلازىم !

مۇلازىم    لەببەي ... ئەمىر - پەرمانلىرىغا تەييارمەن .

شاھ    قەلەندەرگە نەزرە ئېلىپ چىق !

مۇلازىم    خوش ... ( ئېگىلىپ تازىم قىلىپ ، خېلىغىچە كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كېتىدۇ - دە ، ھايال قىلماي ئالتۇن لىگەندە بىر سىقىم تەڭگە بىلەن بىر دەستە نان كوتۇرۇپ چىقىپ بوۋايغا سۇنۇپتۇ ) مەرھەمەت قىل!

بوۋاي    رەخمەت (نەزىرنى خوجۇنىغا تاشلاپلا ، شاھ ئالدىغا ئىككى قەدەم يېقىن كېلىپ ) نىيىتىڭنى قىلما ئالا ، ئالا نىيەت باشقا بالا ! ( دەپلا چىقىپ كېتىپتۇ. شاھ بۇ سوزنى ئاڭلاپ ، كوزلىرىنى چەكچەيتىپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىپتۇ - دە ، تىترىگەن ساقاللىرىنى سىلاپتۇ . ئاندىن ئاچچىغىنى زورغا بېسىۋاپتۇ ، كېيىن ۋەزىر - ۋۇزورا ، مۇلازىملىرىغا مۇنداق دەپتۇ : )

شاھ    مەندىن يارلىق !

ۋەزىر ... لەر    خوش ...

شاھ    مۇلازىم !

مۇلازىم    خوش ... ئەمىر - پەرمانلىرىغا تەييارمەن .

شاھ    شۇنداق بىر نان تەييارلا ، نانىنىڭ خېمىرى ئەپيۇن سۈيى بىلەن يۇغۇرۇلسۇن ! بۇ سارالڭ دىۋانە ئوردىغا 2 - قېتىم كەلگەندە شۇ زەھەردە پىشقان نان بىلەن ئۇزۇتۇڭلار!

ھەممە    خوش ... دانىشمەن شاھىمىز !

شاھ    قەلەندەر شۇ ناننى يېسۇن - دە ، ئۈچەي باغرى تىتىلىپ ئولسۇن !

ھەممە    خوش ...

( بويرۇق شۇنداق بوپتۇ . ھەپتە ئوتۇپتۇ ، ئاي مۇ ئوتۇپتۇ ، بوۋاي يەنە شۇ ئوردا ئالدىغا پەيدا بولۇپ قاپتۇ . پاسىبانلار بوۋاينى بۇ قېتىم يەنە كىرگۈزمەپتۇ . بۇ ئەھۋال ئوردا ئىچىگە مەلۇم قىلىنىپتۇ . ئاندىن مۇلازىم بىر پەتنۇستا چوڭلىغى گەزنىدەك كۈنجۈت بىلەن سىيادان سېپىلگەن چىرايلىق قىزىرىپ پىشقان بىر شىرمان ناننى ئېلىپ چىقىپ بوۋايغا

تەگلەپتۇ . بوۋاي ئاننى خوجۇنىغا سىلىپ كېتىپ قاپتۇ .
بوۋاي ئۆز يولىدا مېڭىپ تۇرسۇن . ئەمدى شاھنىڭ ئەركى ئوغلى ـ شاھزادىنىڭ ئۆلتىماسىغا نەزەر سالايلى . )

5

(ئاي ئۆتۈپتۇ، پەسلى يوتكۇلۇپتۇ. شاھانە تەخت ئۆزرە شاھ ئالدىدا باش ۋەزىر ئېھتىرام بىلەن تۇرۇپ دەپتۇ )

**باش ۋەزىر** كەرەملىك شاھىم! كەمىنىلىرىنى شاھزادە موھتەرەم ھوزۇرلىرىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى.

**شاھ** خوش، نىمە گەپ؟

**باش ۋەزىر** ھالا بۇ كۇنلەردە باھار كېلىپ، دالا ـ سەھرالەر ياپ ـ يېشىل تون كەيدى. بارلىق جان ـ جانۋارلار ئۇۋىسىدىن چىقىشىپ، دەل ـ دەرەخلەرنى ماكان تۇتۇپ بىر چىرايلىق سايراشماقتا. تاغ سۇلىرى ئۇنچە ـ مارجان چاچرىتىپ كىشىنىڭ كوڭلىنى كوتۇرۇپ ئوركەشلىمەكتە. باھار شامىلىدا مەجنۇن تاللار جىلۋە قىلماقتا. باغ ـ ۋارانىلاردا چېچەك ـ چوكان ئاقبالداقتەك ئېچىلىپ كەتتى. تاغ ـ دەشتىلەردە بۇغا ـ مارال، كىيىك ـ جەرەن، توشقانلار پادا ـ پادا چېپىشىپ يۇرۇشىدىغان خۇش مەنزىرە يۇزلەندى. سازلىقلاردا، كوللەردە ياۋايى غاز، ئودەكلەر غاقىلدىشىپ ئۇزۇپ ئويناۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ياخشى بىر پۇرسەتتە شاھزادىمىز بىر كوڭۇل ئېچىپ كىرىشنى نىيەت قىلىپتۇ. شاھزادىمىز شىكارغا چىقسام، ئاتام ئىجازەت بەرسەدەپ ئۆلتىجا قىلىپ كەمىنىلىرىنى ۋاستە قىلدى.

**شاھ** مىنىڭ جىگەر بەندىم ئوۋغا چىقامدىكەن ؟

**باش ۋەزىر** خوش... پەرزەنتلىرى ناھايىتى پاراسەتلىك ، دەنا، يىگىتلەرئارا بەرنا، خۇش پىئىللىك، ئەدەپ ـ ئەخلاقتا مىسلىسىز لاتاپەتلىك ئادەم بولدى. جاسارەت ـ غەيرەتتە ھەممىنى قايىل قىلىدۇ. ياشلىق كۇچ ـ قۇدرىتى جۇش ئۇرۇپ تۇرۇدۇ . ماھارىبە مەشىقلىرىگە بولسا ئاجايىپ كامىل . شاھزادىمىز ئوۋ قىلىشقا خۇشتار . ئۆلتىجاسى بىجا كەلتۇرۇلسە دىگەن ئۇمىدىم بار .

**شاھ** لاچىنىنىڭ بالىسى دەر مەھەل ئانىسىدەك ئۇچالمايدۇ . ياش بالا رىيازەت چېكىپ قالارمۇ ـ قانداق ؟

**باش ۋەزىر** شاھزادىمىزنىڭ باتۇرلۇقتا تەگدىشى يوق. ئاتقان ئوقى زايا كەتمىگەن . ياشلىق جاسارىتى تاغنى ئورۇۋېتەلەيدۇ . كەم يېرى بولسا شىكار بىلەن تولدۇرۇپ ئالار . ئاندىن ئاسماندىن ئېتىلىپ كەلگەن بۇركۇت يەردىكى توشقاننى بىرلا ھۇجۇم بىلەن چاڭگاللاپ تۇتۇپ ئالغاندەك بىر ھالەت ـ كامىل ئىقتىدار شاھزادىدىمۇ شەكىللىنىدۇ .

**شاھ** خەير... بولۇپتۇ ، بارسا بارسۇن ! يېتەرلىك ئوزۇق ـ تولۇك، خىللانغان ئوق، ساداق ، ماھارىبە چىدىرلىرى بىلەن يولغا چىقسا بولار. پۇتۇن لازىمەتلىكلەرنى خىچىرغا ئارتىپ، شاھزادىنى ئارغىماق بىلەن يولغا سېلىڭلار!

**باش ۋەزىر** خوش ... ئۆلتىپاتلىرىغا بارىكاللا ! ( دەپ خۇشامەت قىلغىنىچە چىقىپ كېتىپتۇ )

6

( شاھزادە مەھرەملىرى بىلەن ئارغىماق ئاتلارغا مىنىشىپ، خىچىر-لەرنى يوتۇلىشىپ ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ . شاھزادە مىنگەن شاش ئارغىماق قەدەمدە بىر كىشنەپ شوخلۇق قىلىدىكەن ، مەھرەملىرى مىنگەن خىچىرلارنىڭ كولدورمىلىرى توختىماي جىرىڭلاپ تۇرىدىكەن) .

شاھزادە — ھەي مۇلازىم ( دەپتۇ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ )، سەن مېنى قايسى ئاتقا مىندۈرۈپ قويدۇڭ ؟

مۇلازىم — شاھزادە ، بۇ،ھىلىقى ھەمرا باي پادىشاغا تەقدىم قىلغان ئارغىماق!

7

( مانا بۈگۈن شاھزادە بىر پايانسىز قۇملۇق چولدە چېدىر - بارى-گاھلىرىنى تىكىپ تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. شاھزادە زىيادە چار-چاپتۇ. ئوزۇق - تولىگى تۈگەپ قاپتۇ. تۇلۇملىرى قۇرۇغدۇلۇپ چاپلىشىپ قاپتۇ. شاھزادىنىڭ كەيپى ئۇچۇپتۇ . ئارغىماق، خېچىرلەرمۇ قۇملۇقنىڭ ئىسسىق تەپتىدىن ئېغىر ھاسىراپ پۇشۇلداپ تۇرۇشۇپتۇ ) .

شاھزادە — ئۈچ كۈن بولدى ، بۇ تاغۇ دەشتتىن بىر توشقانمۇ قولغا چۈشمە-دى . بىز ماڭغانسېرى چولگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىپ مانا مۇشۇ ھال-غا چۈشۈپ قالدۇق . ئەمدى نىمە ئىلاج بار ؟

مۇلازىم — ئاش - ئوزۇقمۇ تۈگىدى . ئىشىمىز تەس بولدى شاھزادە!

شاھزادە — ماڭا بىر يۇتۇم سۇ بېرىڭلار!

مۇلازىم — (تولۇمنى قولىغا ئېلىپ ) ھورمەتلىك شاھزادە ، بىز خىجىل . ئەتراپنى چارلاپ كورسەك قۇمدىن باشقا ھىچ نەرسە تېپىلمىدى ، بىر تال يانتاق ئۈنگەن يەرمۇ يوق . ئەمدى كەينىمىزنى ئوردىغا توغرىلىماقتىن بولەك ئامال يوقتەك.

شاھزادە — (بىئارام بولغان ھالدا ) مەن ھازىر ھىچ يەرگە بارالمايمەن . ماغدۇرۇم يوق. ئۇسسۇزلۇقتىن ، قوساق ئاچلىقتىن ئولەي دىدىم.

مۇلازىم — ھەي ئىست... قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى ؟ بۇ قۇملۇقتىن كولىمىغان يېرىمىز قالمىدى. بىر تامچە نەم چىقمىدى.

شاھزادە — سىلەر بىر ياققا بېرىپ، نەدىن بولسا بىرەر يىگۈلۈك ، بىر قاچا سۇ تېپىپ كېلىڭلار ، مېنىڭ ھالىم قالمىدى.

مۇلازىم — ياخشى بولىدۇ . بېرىدە پولدۇرۇڭ - پولدۇرۇڭ ، يوقىدا قاراپ ئولتۇ-رۇڭ... ئەمسەكەمىنىلىرى بىر مەھرەم بىلەن ماڭايلى ، ئادەم بار يەرنى تېپىپ ئوزۇق تېپىپ كېلەيلى. (شاھزادىنىڭ ئالدىدا يەنە بىر مەھرەم-نى قالدۇرۇپ پىيادە يولغا چىقىپتۇ.)

8

(مانا ئەمدى بىر تېمى يىقىلاڭغۇ بىر كەپىدە بىزگە تونۇشلۇق بوۋاي را-ۋىپنى تىرىكشتىپ ئۆز كوڭلىنى ئۆزى خوش قىلىپ ئولتۇرۇپتىكەن . كەپىگە گۇلدۇر - گالاپ ئەۋازدىن كېيىن ئىككى نەپەر غەيرى ئادەم كە-رىپ كەپتۇ. بۇلار بايىقى شاھزادىنىڭ ئادەملىرى ئىكەن.)

مۇلازىم — ھەي قېرى، بۇ يەردە سەن بارمۇ؟

بوۋاي — ھە، مەن بار.

مۇلازىم — بىز مېھمان، ئۆيۈڭدە يېگىدەك نىمە بار؟

بوۋاي — مەن بىر گاداي، مېھمانلار! مۇشەدە تىلەپ تاپقان قاتتىق - قۇرۇق ئاز-غىنا نېنىم بار ئىدى.

مۇلازىم — قېنى؟ ئال - ئەكە!

بوۋاي — ئوبدان بەگلىرىم! مانا مۇشۇ پارچە - پۇرات نان. (دەپتۇ - دە، خوجۇن-نىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ كورسىتىپتۇ. بۇ "چاقىرمىغان مېھمانلار» ناننى بۇ-لاپ - تالاپ يېيىشىپتۇ.)

مۇلازىم — سۈيۈڭ يوقمۇ؟ ھاڭۋېقىپ تۇرىسەنغۇ؟

بوۋاي — (كونا پۇچۇق كوزىنى كورسۇتۇپ) مانا سۇ. (دەپتۇ. ئاندىن تاۋاقنى تولدۇرۇپ سۇنى ئۇلارغا ئۇزۇتۇپتۇ. ئۇلار ناننى يەپ، سۇنى سۇمۇرۇ-شۇپ خېلى ماغدۇر پەيدا قىپتۇ. مۇلازىم ئويىنى بىر ئايلىنىپ تەكچىدە تۇرغان سىڭىپ پىشقان شىرمان ناننى كورۇپ قاپتۇ).

مۇلازىم — ھەي قېرى تەدان! مۇنداق ياغلىق توقاچمۇ بار دىسەڭچۇ؟ ھەببەلى، بۇ ياغ توقاچنى شاھزادە يىسۇن، كوزىدىكى مۇزدەك سۇدىمۇ ئىچسۇن!

بوۋاي — بۇ شىرمان ناننىڭ چىرايلىقلىقىدىن يېيىشكە كوزۇم قىيماي ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتىم. نانغا تەگمەڭلا خۇدا ھەققى..!

مۇلازىم — نىمەدىدىڭ؟ ئاغزىڭنى يۇم! ھازىر شاھزادە ئاچارچىلىقتىن، ئۇسسۇزلۇق-تىن ھالى قالماي پاھ - پاھ ئىسسىق قۇملۇقتا يېتىپ قالدى. بۇ نان بىلەن سۇنى شۇ شاھزادىگە ئاپىرىمىز. پادىشاچوڭمۇ - سەن چوڭمۇ؟ (دەپ زورى-گەرلىك قىلىپ ھىلىقى شىرمان نان بىلەن كوزىنى كوتۇرۇپ چىقىپ كېتىپتۇ).

## 9

شاھزادە — ئىھ ئىھ... سۇ-سۇ ... جىگرىم قۇرۇپ كەتتى. ئاھ.. ۋايجان ...

مۇلازىم — (شاھزادىنى يولەشتۇرۇپ) شاھزادە باشلىرىنى كوتەرسىلە، مانا سۇ! مانا ياغلىق توقاچ! ھازىر تېپىپ كەلدۇق.

شاھزادە — ھە ... ۋاي، قېنى سۇ؟ ئىھ - ئىھ ... بىر ئوتلام ... ۋاي جان ...

مۇلازىم — (ئالتۇن جامغا سۇ قۇيۇپ) مانا سۇ، بىر ئوتلىسىلا! (دەپتۇ. شاھ-زادە ئۇنى بىرلا سۇمۇرۇپتۇ).

شاھزادە — ياخشى - خېلى ياخشى. ۋاي - ۋاي ... ياخشى تېپىلىپتۇ-ھە؟ ئۇھ...

مۇلازىم — ماۋۇ ياغ توقاچتىن بىرچىشلىسىلە، شاھزادە! بەھوزۇرتا ناۋىل قىلسىلا! (دەپ، ناننى قاراس - قۇرۇس ئوشتۇپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.)

شاھزادە — (ناننى ئاچكوزلۇك بىلەن يەۋىتىپ) بۇ ناننى نەدىن ئېلىپ كەلدىڭلار؟

مۇلازىم — شۇنداق بىر مېڭىۋىدۇق، ئۇزۇندا بىر يالغۇز كەپە كورۇندى، بار-ساق بىر بوۋاي بار ئىكەن. شۇنىڭ ئويىدىن ئېلىپ كەلدۇق. (گەپ شۇ-

يەرگە كەلگەندە شاھزادىنىڭ بىردىنلا رەڭگى تاتىرىپ، كوزلىرى ئالىيىپ بىر قىسىملا بولۇپ كېتىپتۇ. يېنىدىكىلەر ئالاقزادە بولۇشۇپتۇ. )

مەھرەملەر ۋاي، شاھزادە نىمە بوللا؟ شاھزادە ـ شاھزادە ...

شاھزادە ئاھ ... ئىچىمگە ئوت كەتتى ... دادام ... رازى ... بولسۇن ...

مۇلازىم ۋاي، شاھزادىنىڭ يۈرىكى سالمايدىغۇ؟

مەھرەملەر ۋاي ئېسىت، قانداق قىلارمىز؟ پادىشاغا نىمە دەرمىز؟

مۇلازىم ئاپلا ... ئىش بولمىدى، ئەمدى نىمە قىلغۇلۇق؟

1- مەھرەم بۇنى پادىشاغا تېزدىن خەۋەر قىلايلى.

2- مەھرەم ياق، سەل توختايلى، ئوڭلىنىپ قالار ...

مۇلازىم مانا، شاھزادىنىڭ ئىشى تۈگىدى ... ۋاي، رەخمەتلىك، باتۇر ... (1 ـ مەھرەمگە قاراپ ) سەن، ئارغىماق بىلەن تېز بېرىپ ئوردىغا خەۋەر قىل! (2 ـ مەھرەمگە) خېچىرنى تەييارلا! شاھزادىنىڭ جەسىدىنى بىز خېچىرغا ئېلىپ ئارقىدىن ماڭىلى! (دەپتۇ ۋە شۇنداق قايتىشىپتۇ).

10

(شاھزادىنىڭ مۇسىبەت خەۋىرى ئوردىغا يېتىپ كەپتۇ. مانا ھازىر ئىككى ۋەزىر ھۇشىدىن كەتكەن شاھنى ئوز تەختىدە يولەپ ئولتۇرۇپتۇ. ھوكۇمالار، ئولىمالار شاھ ئالدىدا باشلىرىنى ساڭگىلىتىشىپ تۇرۇشۇپتۇ.)

شاھ ( ئاستا كوزىنى ئېچىپ ) ئاساسى سەۋەپ نىمە؟

مۇلازىم ھەزرىتى ئالىلىرىغا مەلۇم قىلغىنىمىزدەك شاھزادە دانىنى يىدى، سۇنى ئىچتى. ئۇنىڭدىن باشقا نەرسە ئىستىمال قىلغان ئەمەس.

شاھ يەنىچۇ؟

مۇلازىم شاھزادە بىلەن بىزمۇ ئىككى كۇنگىچە ئاغزىمىزغا گىياسالمىدۇق.

شاھ شاھزادە بىلەن سىلەر بىر داستىخاندا بولدۇڭلارمۇ؟

مۇلازىم يوقسۇ، شۇ ياغ توقاچنى شاھزادە ئوزىلا يىگەن.

شاھ قاتىل كىم؟ تېپىڭلار!

ھوكۇما ئەي، شاھى جاھان! بىز ھوكۇمالار جەسەتنى ئىنچىكىلەپ كوزۇتۇپ چىقتۇق ۋە شۇنداق خۇلاسىگە كەلدۇقكى، مەرھۇم زەھەرلەنگەن.

شاھ ( چوچۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ ) ھە؟

ھوكۇما خوش ... زەھەر بېرىلگەن.

شاھ مېنىڭ پەرزەندىمگە زەھەر بەرگەن كىم زادى؟

ھوكۇما بىز ھوكۇمالار شۇ دانىغا زەھەر قوشۇلغان دىگەن،ھوكۇمىنى تەستىقلايمىز.

شاھ دانىغا ... زەھەر ..؟

مۇلازىم دانىنى، سۇنى بىر دىۋانە بوۋاينىڭكىدىن ئېلىپ كەلگەن ئىدۇق.

شاھ ( ھۇشىنى يوقاتقان هالدا : ) ئۇنى نەدىن بولسۇن، ئوردىغا ھازىر

قىل ! جەللات !

جەللات: ( قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ) خوش ... مەن تەييار! پادىشاھى ئالەم ! ئەجەلى پۈتكەننىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىمەن،ھازىر . ( مۇلازىم بىلەن جەللات شاھ ھوزۇرىدىن سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ . )

**11**

( شاھ تەختىدە چاچقۇن كەيپىياتتا ئۆرە تۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ ئالدىدا مەردانە تۇرغان بوۋايغا سوئال قويۇپتۇ: ).

شاھ: ئى، قەلەندەر! سەن مېنىڭ شاھزادەمگە نىمە سەۋەپتىن قەست قىلدىڭ ؟

بوۋاي: جانابىلىرى پادىشا ، مەن بولسام خار - زار دىۋانە . شاھزادىغا قەست قىلىشقا مېنىڭ نىمە ھەددىم بولسۇن ؟!

شاھ: دەللەك جۇۋاپ بەر ! سەن زادى قاتىل !

بوۋاي: پادىشا ئادىل ئەمەس ، دىۋانە قاتىل ئەمەس .

شاھ: مەن قانداقچە ئادىل ئەمەس ؟ دەلىل كورسەت !

بوۋاي: مېنىڭ دادىمغا پادىشا قۇلاق سالمىدى ، مەن ئەرز - دادىمنى ئېيتقىلى كەلسەم بەرگەنلىرى نان ، تەككە بولدى .

شاھ: ( سەل ئېسىنى يىغىپ ) ھە ..؟ قاچان ؟

بوۋاي: بۇنىڭدىن ئىككى ئاي بۇرۇن ماڭا ھەزرەتلىرى ناھايىتى چىرايلىق گۈلدار بىر نان چىقارغان ئىكەنلە . بۇ ناننىڭ سەنئىتىگە مېنىڭ مەسلىگىم كېلىپ، ئۇنى يىمەي بىر ئوبدان ساقلىغان ئىدىم . ئالدىنقى كۈنى ئىككى ئادەملىرى ئۆيۈمگە باستۇرۇپ كىرىپ ، تىلەپ يىققان پارچە - پۇرات نانلىرىم بىلەن ھەزرەتلىرى تەقدىم قىلغان شۇ چىرايلىق شىرمان ناننى بۇلاپ كېتىشتى . باشقىسىنى بىلمىدىم .

شاھ: ( كوزلىرى چەكچەيگەن ھالدا ساقىلىنى چىڭ سىقىملاپ ) ھەي ... توۋا ! مانا بۇ ھەق گەپ . خەير ... مەن ساڭا قىلغان ئىدىم ، ئەمدى ماڭا باندى ! مەن توۋا قىلاي ، مەن قاتىل ! ( دەپلا يەرگە يىقىلىپتۇ . بوۋاي پادىشالىق تەختىگە چىقىپتۇ . )

## خاتىمە

موماي: بالىلىرىم ، بۇ چوچەك تۈگىدى. ياخشى، ئۇخلىمىدىڭلار .

بالىلار: ھەئە موما ، ئۇخلىمىدۇق .

موماي: كىشى توغرا نىيەتتە بولۇشى كېرەك. «ئورنىنى كىم كولىسا، شۇ ئۆزى چۈشىدۇ » - دىگەن مانا شۇ .

( تامام )

1981 - يىل يانۋار .

## ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى

△ مىلتىقنىڭ ئۇچى بىر مورا، ئۇنى ئېتىلدۇرغىنى دورا.
△ قۇشنىڭ ئەگىشى گېلىدىن، توپىنىڭ ئورلىشى يېلىدىن.
△ تەلۋىگە تاياق ئۇتقازماڭ، بوۋاققا ماياق (ئۇتقازماڭ).
△ هورۇننىڭ تەگمەس چولى.
△ ئېرىنچەكنىڭ ئەتىسى تۈگمەس، تاماخورنىڭ پەتىسى.
△ توي تۈگىگەندە ناغرا كەپتۇ، قىتىق تۈگىگەندە زاغرا (كەپتۇ).
△ هال تاتقان ئورۇق قالار، ماي تاتقان قۇرۇق (قالار).
△ گوشى تۈگەپ بېزى قاپتۇ، جىقى تۈگەپ ئېزى.
△ كوپ چاي ئىچكەن ئەر قېرىماس.
△ يېڭىنى ئايىغان كونا، كىگىزنى ئايىغان بورا.
△ ئەمگەكنىڭ ئۈنۈمى بىلەكتىن، قوغۇننىڭ چوڭىيىشى پىلەكتىن.
△ قۇچقاچنى قاردا تۇت، توكارنى ياردا.
△ بەگگە بوۋىسىنى داڭلار، موزدوز كوۋىسىنى (داڭلار).
△ باغلاقتا تۇرمىغان ئىت كەسكىدە تۇرار، ياخشىنى ياراتمىغان ئەسكىدە (تۇرار)
△ ياسانچۇقتىن قارانچۇق ياخشى.
△ مېهنەتسىز نىسىپ بولماس، يامىسىز هىسىپ (بولماس).
△ يەككە قولدىن چاۋاك چىقماس، پۇختا ئىشتىن كاۋاك (چىقماس).
△ پويىزنى سورىگەن بۇقىسى، ناغرىنى ئۈنلەتكەن چوكىسى.
△ ياش قوماچقا ئامراق كېلەر، قېرى ئۇماچقا.
△ ئاش ـ ئوزۇق ـ ئالتۇن قوزۇق.
△ بىلىملىك ئويلاپ تاپار، بىلىمسىز كولاپ (تاپار)،
△ دەريانىڭ مەنبەئى بۇلاقتىن، بىلىمنىڭ مەنبەئى قۇلاقتىن.
△ دەرەخ قوۋزىغى بىلەن، ئادەم يۈزى بىلەن.
△ يۇمشاقنى قاتۇرغان شىلىم، پولاتنى ئۈچۈرغان بىلىم.
△ پاختا كىرلاشسا ماز بولۇر، باش كىرلاشسا تاز (بولۇر).
△ مەن سورىگەن بولاي، سەن داقىرىغان بول،
مەن ئۇرغان بولاي، سەن ۋاقىرىغان بول.

△ سايەڭگە قارىماي، غايەڭگە قارا.
△ توخا ئوگەيلىمىسە، چوجىسى ئوگەيلەپ قاپتۇ.
△ قاپاق ساڭگىلاپ چوڭ بولار، بوۋاق يىغلاپ (چوڭ بولار).
△ توق قوساققا يىسەڭ سېغىز تېتىيدۇ، ئاچ قوساققا يىسەڭ مېغىز (تېتىيدۇ).
△ ئاچنىڭ كوزى ئاشتا، تازنىڭ كوزى چاچتا.
△ ئاچچىق مېغىزنى چاينىغان بىلەر.
△ ئىسسىغى يوق كوڭدىن كەت ياخشى، ۋاپاسىز توققاندىن يات (ياخشى).
△ ئوتۇننى يېقىندىن ئىزدە، خوتۇننى يېقىندىن (ئىزدە).
△ ئۈستىنىڭ قاتىرىشى سوڭەك ئىزدەش.
△ شۇمبۇيا ئۈنەر قوغۇنلۇقتىن، پالاكەتلىك ھورۇنلۇقتىن.
△ كوسىغا تاغاق كەتمەس، سوپىغا باغاق (كەتمەس).
△ باخشىنىڭ كىرنى داپ بىلەن، يالغانچى ئوتەر لاپ بىلەن.
(توپلىغۇچى: ئابدىمىجىت ئاۋۇت.)

## زاڭزۇ خەلق ماقال - تەمسىللىرى

### گې ئەي توپلىغان

△ خەت ئوخشىمىغان بىلەن سىيا ئوخشايدۇ، گەپ ئوخشىمىغان بىلەن قەلب ئوخشايدۇ.
△ ياخشى دوست يۈز ئادەم بولسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ، دوستىغا قەست قىلىدىغان بىر ئادەم بولسىمۇ كوپلۈك قىلىدۇ.
△ تاغ بىلەن تاغ ئۇچراشمايدۇ، ئادەم بىلەن ئادەم ھامان ئۇچرىشىدۇ.
△ لاي سۇ ئىچىدىن كىچىكنى تاپقىلى بولمايدۇ، سەپسەتە ئىچىدىن داۋلى تاپقىلى بولمايدۇ.
△ ئالتۇننىڭ ئاغزى، چايىنىڭ نىيىتى.
△ يالغان گەپ خۇددى چاشقاننىڭ قۇيرۇغىدەك، قانچە ئۇزارغانسېرى شۇنچە ئىنچىكە بولىدۇ، راست گەپ خۇددى بۇلاقنىڭ سۈزۈك سۈيىدەك، قانچە ماڭغانسېرى شۇنچە كەڭ بولىدۇ.
△ ئەگمەچ ياغاچ ئىچىدىن كېرەكلىك ماتېرىيال تاپقىلى بولىدۇ، يامان گەپ ئىچىدىن پايدىلىق ساۋاق تاپقىلى بولىدۇ.
△ ئاتنىڭ ياخشى - يامىنىنى قەدىمىگە قاراپ بىلىش كېرەك، ئادەمنىڭ ياخشى - يامىنىنى نىيىتىگە قاراپ بىلىش كېرەك.
△ ھەر قانداق ئىشنىڭ ھەممىسىدە مەسىلە بار دېيىش — يالغان سوزلىگەنلىك ھەر قانداق ئىشنىڭ ھەممىسىدە مەسىلە يوق دېيىش يالغان سوزلىگەنلىك.

(ھېبىبۇللا خوجا تەرجىمىسى)



نەي ئاۋازى



خوشاللىق



سوتسىيالىزمنى
كۈيلەيمىز

(سۈرەتلەرنى چۈەن دېيى تارت-
قان).

مۇقاۋىسىنى ئىشلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى
خەتتىنى يازغۇچى: ئابدىكېرىم ئۆمەر

قەشقەر ئەدەبىياتى (11- يىل نەشرى)
1982 - يىل 3 - سان (ئىككى ئايدا بىر چىقىدۇ)

تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت
ئىجادىيەت ئىشخانىسى
«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى ۋاكالىتەن ساتىدۇ
باسما لېستى: 7 تاۋاق، پارچە سېتىلىش باھاسى 30 فوڭ
ژۇرنال نومۇرى 58 — 62
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى
ئىدارىسىنىڭ تىزىم نومۇرى: 041

《喀什噶尔文学》(双月刊)
1982年第三期
编辑:《喀什噶尔文学》编辑部
喀什地区文艺创作办公室
印刷:《喀什日报》印刷厂
订阅:全国各地邮电局(所)
代售:各地邮局及新华书店
代号:58—62
新疆维吾尔自治区期刊登证 041号